

جاپپار رەھىم روھلان

# تەكلىماكان تىنىقلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

جاپپار رەھىم روھلان

# تەكلىماكان تىنىقلىرى

( شېئىرلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)收据

塔克拉玛干的欢声/贾帕尔·热依木·若合兰著.-喀什:喀什维吾尔文出版社，2003.6
ISBN7-5373-1164-1

Ⅰ.塔… Ⅱ.贾… Ⅲ.诗歌-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第052208号

责任编辑:图尔洪·伊里提孜
责任校对:古丽巴哈尔·麦麦提依明
封面设计:马合木提江·图尔迪

塔克拉玛干的欢声
(诗集)
作者:贾帕尔·热依木·若合兰

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 7.5印张 2插页
2003年6月第1版 2003年6月第1次印刷
印数:1-2570 定价:11.00元

(如有印装问题,请与我社联系调换 电话:0998-2653927)



جاپپار رەھىم روھلان

# مۇھەررىردىن

جاپپار رەھىم روھلان 1950- يىل 5- ئاينىڭ 8- كۈنى قا-
راقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسىدىكى پاۋان كەنتىدە تۇغۇل-
غان. 1968- يىلى قاراقاش ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
تولۇق سىنىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن يېزىغا قايتىپ دېھقان-
چىلىق قىلغان. 1973- يىل 9- ئايدا خوتەن دارىلمۇئەللىمىنى-
نىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، 1978- يىلى-
غىچە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن قاراقاش نا-
ھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىمى، را-
دىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە مۇھەررىر، مائارىپ ئىدارىسىدە
كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1991- يىلدىن بۇيان قاراقاش ناھى-
يىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كاتىپى، تارىخىي ماتېرىياللار
كومىتېتىنىڭ كەسپىي خادىمى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

جاپپار رەھىم روھلان 1965- يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ-
تە ئوقۇۋاتقان چېغىدا «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان
«يېڭى يىل سوۋغىسى» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدە-
بىي ھاياتقا قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ داڭلىق موللا- خەت-
تاتلاردىن بولغان دادىسى رەھىم ئاخۇنۇم قولىدا دەسلەپكى
ساۋاتى چىققان ئىدى. ئۇ، دادىسىنىڭ تەكچىلەرگە تىزىلغان

چاغاتاي يېزىقىدىكى كىتابلىرىنى ۋە ئاكىسى زاكىرجاننىڭ تاشكەنت، ئالمۇتا باسمىسىدىكى ھەرخىل كىتابلىرىنى زوق - شوق بىلەن ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئائىلە مۇھىتىدا تۇنجى ئاڭلىغىنىمۇ دادىسى ئېيتىپ بەرگەن شامەشرەپ توغرىسىدىكى رومانتىك ۋەقەلەر ۋە خوجا ھاپىز، ھۇۋەيدا، نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ لىرىكىلىرى بولۇپ، ئۇ ئائىلىسىدىلا بىر تۈركۈم كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇ مەكتەپ ھاياتىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆمەر مۇھەممىدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، پۇشكىن، گوركىي، تېيىپجان ئېلىيېۋ، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىدى.

شائىر جاپپار رەھىم روھلان ھازىرغىچە گېزىت - ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر- باللادا، سانائىل ھەرپىيىن، مۇختەشىبھ قاتارلىق شەكىللەردە يازغان ئۆزگىچە شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى. «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «قامچا»، «يۇرۇڭقاش شادلىقى»، «تاللانغان رۇبائىيلار» قاتارلىق توپلاملارغا بىر بۆلۈك شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «موللا داۋۇت شېئىرلىرى»، «ۋەسلى جانان» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. «توخارلار توغرىسىدا»، «مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىنىڭ بايقىلىشى»، «قەدىمكى خوتەن پىلىچىلىكى»، «خوتەندە قەغەزچىلىك»،

«مەشھۇر قاشتېشى يادىكارلىقلىرى» قاتارلىق تارىخ تەتقىقاتى-
غا ئائىت بىر قاتار ماقالىلەرنى ۋە «رەسساملىق سەنئىتىمىزدى-
كى پورترېت تەسۋىرچىلىكى»، «غازى ئەھمەت گۈزەل سەن-
ئەت ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى»، «ئۇيغۇر شېئى-
رىيىتىمىز بېيىماقتا» قاتارلىق 20 پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئوب-
زور ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ 1993- يىلى «قا-
راقاش خەلق داستانلىرى» توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپ، ئاپ-
تونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى.
«قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1- توپلىمىغا جاپالىق ئە-
جىر سىڭدۈردى. ئۇ سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرىگە زېھ-
نىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر-
نى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1993- يىلىدىن 1996- يىلىغا قەدەر
ناھىيە بويىچە ئۇدا تۆت يىل «مۇنەۋۋەر كادىر»، 1993- يىلى
«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبى-
رى بولۇپ باھالاندى. 1986- يىلى «تۈزلۈقئوتاغنىڭ باھا-
رى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى، «مېھرىگۈل» سەرلەۋھىلىك
ئوچېركى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، را-
دىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاخباراتچىلار جەمئىيى-
تى قاتارلىق تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىلەردە «نادىر را-
دىئو پروگراممىسى» مۇكاپاتى ۋە «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپا-
تى»غا ئېرىشتى. «مۇقامچى ئايىمخان ھاجى»، «ئېگىز ئېرىق
غوجىلار تارىخى»، «مازار تاغ قەدىمىي قەلئەسى» قاتارلىق ما-
قالىلىرى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ تارىخىي

ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.
شائىر جاپپار رەھىم روھلانىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە شېئىرىيەت ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان، بەزىلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان شەكىللەر ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، بۇ ساھەدە كىشىنى سۆيۈندۈرەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.
شائىرنىڭ بۇ تۈنجى توپلىمىغا ئۇنىڭ ھەرخىل مەزمۇن ۋە تۈرلۈك شەكىللەردە يازغان شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر ئېلىندى، شۇنداقلا كلاسسىكلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ئىختىرا ئەتكەن تۈرلۈك شەكىل ھەم ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# ◄ مۇندەرىجە ►

## يېشىل ئارمان


باھار كەلدى ........................ 3
مۇئەللىمگە ........................ 5
ھايات لەززىتى ........................ 6
قاشتېشى كۈيى ........................ 7
مۇھەببەت ........................ 9
ئورمانچى بوۋاي ........................ 11
كوئېنلۇندا باھار ........................ 13
توي لىرىكىسى ........................ 14
تاۋاپگاھ ........................ 16
ئەسسالام يېزام ........................ 17
بىر ئالىمغا تېز سىزما ........................ 20
ساتىراشنى سانئەتكار دېسەم ........................ 21
ئۇيغۇر قىزى ئامانىسا ........................ 22
ئاخشام لىرىكىلىرى ........................ 23
جەنۇبتىكى بىر بازار ........................ 28
ئېپكا ھارپىسى ........................ 32
پۇل ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 35
يېشىل ئارمان ........................ 38
خەتتات شەيدائىيغا ........................ 40

## غەزەللەر


بىر گۈزەل ..................... 43
قالدى ..................... 44
سەن ـ سەن ..................... 45
يار ..................... 46
ئاتەش تەپتىمۇ ..................... 47
مۇخبىر ..................... 48
ئون يىل ..................... 49
شائىرغا ..................... 52
گۈل ..................... 54
كېلۈر ..................... 55
ئۈچمە ..................... 56
خوتەن قىزى لوندوندا ..................... 58
كەل ۋاپادارىم ..................... 60
ئۆزگىچە ..................... 61
دېمە ..................... 63
دىل ئازار ..................... 64
سۈبھىدەم ..................... 65
يالغۇز ..................... 67
دىل راھىتى ..................... 69
بۇلاق ..................... 71
نەي ئۈنى ..................... 73
مېنىڭ تويۇم ..................... 74

## تەخمىسلەر

تۇرغۇن يىلتىز غەزەللىرىگە تەخمىس ............... 79
نۆبىتى غەزىلىگە تەخمىس .................. 88

## ھەجۋىيلەر

ئۇششۇگەن ياپراق ......................... 93
ئەپسۇس ................................ 101
ئادىمىي تۇلكە ............................. 102
دوڭغاق ................................ 103
ھەسەتخورنىڭ سۇرىتى ..................... 105
ئۆزگىرىش .............................. 106
دوست .................................. 107
نەزەر مۇپتىنىڭ ئۆلۈمى ...................... 108

## مەسەللەر

كۆرەك بۇغا .............................. 113
قوغۇن بىلەن شۇمبۇيا ........................ 114
كاككۇك بىلەن زەينەپ ........................ 115
شەپەرەك بىلەن ھەپىرەك ..................... 118
سۇ ۋە چىچەك ............................ 120
قۇلاق ۋە مۇڭگۇز .......................... 121
تاغ ۋە بوران ............................. 123
شام ۋە چاقماق ............................ 126

## باللادىلار


باللىمان ........................ 131
قاشتېشى ھەققىدە باللادا ........................ 141
خەيرلىك كېچە ........................ 148


## سانائىل ھەربېيلەر


بۇلبۇلۇم ........................ 155
مۇقام ........................ 156
قانۇن ........................ 157
كۆكلەم كۈيى ........................ 158
خروئىن ........................ 159
چەككۈچى ........................ 160
نەزملەر ۋە نەۋرىلەر ........................ 161
چىرىككە چۈشۈق ........................ 162
تەكلىماكان تىنىقلىرى ........................ 164
ئانا ........................ 169
بىلىم ........................ 170
سېغىنىدىم ........................ 171
كېپىنچەك ........................ 172
ياشلىقىم ........................ 173
ئاشىقىگەن ........................ 174
چۈش ........................ 175
ھازازۇلغا ھەجۋىي ........................ 177

ئاپرىن ئادىل ........................ 178
شىياڭگاڭ شەنگە ........................ 179
تەمبۇرۇم ........................ 180
پەسكەش ........................ 181
ئالتۇن ئارماندا ........................ 182
خەير، خۇشامەتچى ........................ 183
ھايات ھېكمىتى ........................ 184
باھار بەزمىسى ........................ 185
پارىخور ........................ 186
ئىلھام چېقىنلىرى ........................ 188

## مۇختەشبىھ ۋە تۇيۇقلار

ئوغلۇمغا مۇختەشبىھ ........................ 195
سۆيگۈ دىئالوگى ........................ 196
ئەل ۋە ئەمەل ........................ 197
كەل نىگارىم ........................ 198
دىل فونتانلىرى ........................ 199
سۆيگۈ تۇيۇقلىرى ........................ 203
تۇيۇق يول تۇيۇقلىرى ........................ 211
قاراقاش قىزىغا ........................ 212

## مۇساۋىيات تەرەپىنلەر

ياشلىق ........................ 215
كلاسسىكلارغا ........................ 215

كۆيلىرىم ........................ 215
ۋەتىنىم ........................ 216
شېئىر ........................ 216
نورۇز كەلدى ........................ 216
قىز ۋە گۈل ........................ 217
ئىز ........................ 217
خۇشامەت ........................ 217
تۈلكە ........................ 218
ئۆيۈلتاش ........................ 218
كۆي ........................ 218
ناخشىچى ........................ 219
پارىخور ........................ 219
كاككۇك ........................ 219
دىلىم ........................ 220
نىجاتچىمىز ........................ 220

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

ئەخلاق ھەققىدە ........................ 223
غايە ھەققىدە ........................ 225
مۇھەببەت ھەققىدە ........................ 226

# پیشل ئارمان



# باھار كەلدى

ياسىنىپ تەبىئەتنىڭ مەلىكىسى،
نەۋ باھار چىراي ئاچتى،كۈلۈپ كەلدى.
يېپىنىپ يېشىل كىمخاب ـ لىباسىنى،
چېكىسىگە ھەرخىل گۈللەر قىسىپ كەلدى.

قىرلاردا قەد كۆتۈرگەن نازۇك تالغا،
نۇر يۇغان يېشىل جالا ئېسىپ كەلدى.
باغلارغا گۈل ـ چېچەكتىن تۈمەن مىڭ خىل،
چىرايلىق يېپەك كەشتە بېسىپ كەلدى.

گۈركىرەپ تراكتورلار ئېتىزلاردا،
دېھقانغا پۈتمەس ئىلھام ئېلىپ كەلدى.
يېقىملىق زوق بېغىشلاپ يۈرەكلەرگە ،
ھاياجان زىلزىلىگە سېلىپ كەلدى.

شەنىگە شۇ باھارنىڭ كاككۇك، تورغاي،
يېقىملىق ناخشا ـ قوشاق قېتىپ كەلدى.
ئېرىقتا كۆۋەجەپ شوخ كۈمۈش سۇلار،
مايسىزار ئېتىزلارغا ئېقىپ كەلدى.

ئەركىلىتىپ دەل - دەرەخنى سالقىن شامال،
ئېپار ھىد خۇش پۇراقلار چېچىپ كەلدى.
لەززىتىن تېتىش ئۇچۇن يېگى چۆپنىڭ،
يايلاقتا قوزا، تايلار چېپىپ كەلدى.

يۇرتۇمنىڭ باھارىنى كۆرگىنىمدە،
ئىلھامىم بۆلەكچىلا تېشىپ كەلدى.
دېڭىزدەك دولقۇنلىغان ئىلھامىمنىڭ،
تۇغىنى شۇ گۈلباھار ئېچىپ كەلدى.

1966- يىل 3- ئاي



# مۇئەللىمگە

مۇبارەك ئەي مېھرىبان باغۋەن،
خۇش مۇبارەك ساڭا مۇئەللىم.
ئەسكە ئالسام سېنى، ئەجرىڭنى،
ھاياجانغا لىق تولار قەلبىم.

پەن - مەرىپەت دېڭىزلىرىدا
كاراپ بولۇپ ئۈزۈپ ھارمايسەن.
ئەۋلادلارنىڭ بەختىگە ئاتاپ،
دۇر - جاۋاھىر سۈزۈپ ھارمايسەن.

پەن - مائارىپ گۈلزارلىقىدا،
سىڭدۈرگەن كۆپ قان - تەرلىرىڭ بار.
شان - شەرەپكە، ھۆرمەتكە لايىق،
تۆھپىلىرىڭ نامىڭغا زۇننار.

«ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر» دىبان،
بەردى ساڭا ئەل - ۋەتەن ئۇنۋان.
تەرىپىڭنى كۈيلەپ بىر ئۆمۈر
تۈگىمەيدۇ يازساممۇ داستان!

1979- يىل 3- ئاي

# هايات لەززىتى

هايات گويا خاتىرە ـ دەپتەر،
ۋاقىت تىنماي ئۆرۈيدۇ ۋاراق.
قەلەم بولۇپ ئەجداد ـ مېھنىتىڭ،
يېزىپ ماڭار بەتلەرنى ھەرۋاق.

ئۆگەن، ئىشلە، قىلغىن ئىختىرا،
بوش قالمىسۇن ھايات دەپتىرىڭ.
چىڭ تۇت ھەربىر ئۇچقۇر مىنۇتنى،
نۇر چاقناتسۇن ئالتۇن بەتلىرىڭ.

تەبىئەتكە تاغ، سۇ، دەل ـ دەرەخ
بەخش ئەتسە قانچىلىك زىننەت؛
ھايات ئۇچۇن شۇنچە گۈزەل تۇس
بېرەر ئەخلاق، ئىلىم ـ مەرىپەت.

ياشا ھالال ئەمگىكىڭ بىلەن،
مەنىسىزدۇر كۆرسەڭ تىنچ راھەت.
ئەجداد ـ ئەجرىڭ قوشۇلغان مېۋە،
ئۆمۈرۋايەت بېرىدۇ لەززەت.

1979 - يىل 11 - ئاي

# قاشتېشى كۈيى

سايرىتىپ تەمبۇر، دۇتارنى ناخشىغا جور كەلتۈرۈپ،
زەپ خۇشال تەبرىكلىدۇق ئايەمنى دوستلار ئۇلتۇرۇپ.
ساقىي مەي تۇتتى ماڭا ئىزھار قىلىپ ئۆز كۆڭلىنى،
قاشتېشىدىن ئىشلىگەن زۇمرەت قەدەھنى تولدۇرۇپ.

ئۇچتى خىيالىم قۇشلىرى كەتتى يىراق تارىخسېرى،
شول قەدەھ مۇڭلۇق سادا بەردى گويا دولقۇنلىنىپ.
ئىلچىلىك تاشچى بوۋام كۆرۈندى مانالار ئارا،
تاش تېرىپ دەريا ئارا يۈرگەن چېغى زار مۇڭلىنىپ.

قاشتېشى سەن شۇنچە ئۈز، رەڭدار، نەپىسسەن ھەم سۈزۈك،
ياسىغان تاشچى بوۋام سەندىن قەدەھ، مارجان، ئۈزۈك.
ياسىغان گۈللەر ئويۇپ ئەۋلاد ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەر،
بولسىمۇ يوقسۇل ئۆزى دىل زەردىگۆش باغرى ئېزۈك.

بايغا كەتتىڭ ۋە لېكىن ئۇستىغا نەپ بەرمەي تۈزۈك،
بەزمىدە بەگ - تۆرىلەر قۇيغان ساڭا مەي ئىچكۈلۈك.
ئەتىر بۇي تەننازىلار ئەيلەپ زىبۇزىننەت سېنى،
نەدىدۇر قالغان ئىدى تاشچى بوۋام ھالى نېچۈك ؟!...

ئۆتتى كۆپ يىللار، ئەسىرلەر خانۇسۇلتاننى كۆمۈپ،
سەن يەنە دەۋرىمگىچە كەلدىڭ قەدەھ كەتمەي سۇنۇپ.
سەن يەنە قەدرىڭ بىلەن چاقناپ قولۇمدا ئۇشبۇدەم،
زىكرى قىلدىم تەزكىرەڭنى بۇندا خۇشخۇي ئولتۇرۇپ.

سەندىكى ھەرگۈل - نەقىش ئەمگەكچى خەلقىم مېھنىتى،
سەن بىلەن تاپتى كامال تاش ئويمىكارلىق سەنئىتى.
خەلقئارا دوستلار سېنى بىلسە مۇقەددەس - ئەتىۋار،
شۇ ئەمەسمۇ يۇرتىمىزنىڭ قۇت، غۇرۇر، شان - شەۋكىتى!

1980- يىل 1- ئاي



# مۇھەببەت

قوي ھەيدەپ ئۆتكىنىمدە ھەر كۈنلۈكى،
خىيابان - بوستان بۇلاق كۆۋرۈكىدىن.
قاپاقتا سۇ ئالغىلى كېلەر بىر قىز،
تونۇش ئۇ ماڭا ھال رەڭ كۆڭلىكىدىن.

نېچۈن ئۇ كۈندە پەيدا پۈتۈشكەندەك،
تەبەسسۇم - جىنەستەرەڭ لەۋلىرىدە.
پاكىزە چېھرى گويا سۈت ئالمىسى،
ئوينايدۇ سۇمبۇل چېچى بەللىرىدە.

بوپ قالدىم قىزنىپ ئاڭا چىن مەھلىيا،
تەزەببا گەپ قىلىشمۇ چۈشتى تەسكە.
قاراپلا: «جەۋلانغۇسىز؟» دېدى شۇئان،
ئۆتكەنكى بىر ئىشلارنى ئالدىم ئەسكە:

— ئۆتكەن يىل ۋىلايەتنىڭ يىغىنىدا،
گۈل تاقىغان ئەمەسمىدۇق تۆھپىكار دەپ.
سىز پىلە، مەن چارۋىدا ئېشىپ ئۆتكەل،
ئېيتىڭچە، قۇچمىدۇقمۇ تەڭلا شەرەپ؟

جەملە خۇش تەبەسسۇم بىرلە باقتى،
جۇش ئۇرۇپ جۈپ يۈرەكتە ئىشق ئاقتى.
ئۈچۈرما بولغان تۇنجى مۇھەببەتنىڭ —
بۇلبۇلى بوستان ئارا قانات قاقتى.

سۇ ئەكسىدىن شولا چاچتى كەچكى قۇياش،
بىر تاتلىق ھېس بىلەن قىز كەتتى كۈلۈپ.
شۇ دەمدە مەن قەيەردە، ئۇ قەيەردە،
ئۇسۇلغان سۇمۇ كەتكەندۇ تۆكۈلۈپ!...

1983- يىل 3- ئاي





# ئورمانچى بوۋاي

كەتمەن تۇتقان تېمەن بىر بوۋاي،
ئېرىق ياساپ ـ قاشلاپ كېلىدۇ.
زايە قىلماي تامچە سۇنىمۇ،
ئورمانلارغا باشلاپ كېلىدۇ.

كېسىلدىمۇ، زەخىم يەتتىمۇ،
ھەر تۈپىنى ئۇ، ساناپ كېلىدۇ.
تەھسىن ئوقۇپ قۇشقاچلار ئاڭا،
شاخ ـ شاخلاردا سايراپ كېلىدۇ.

كىچىككىدىن ئورمان ئۆستۈرۈپ،
سىڭگەن ئاڭا «ئورمانچى» ئاتاق.
مېھنەت قىلدى، مىننەت قىلمىدى،
ئاقارغۇچە ساقىلى ئاپئاق!...

كۆكنى سۆيۈپ ئۆسكەن تېرەكلەر،
ئەھيا تاپقان ئۇنىڭ ئەجرىدىن.
قىشتا ئاسراپ، يازدا سۇ باشلاپ،
ئىشلىگەچكە قورقماي جەبىردىن.

دېدىم : «بوۋا ، ياتساڭ ئۆيۈڭدە ،
كۆڭلۈڭ خۇشۋاق يايرىماسمىدى ؟
ئەركىلەپ شوخ ، ئوماق نەۋرىلەر ،
ساقىلىڭنى تارىماسمىدى! ؟»

دېدى بوۋاي :«تىرىك تۇرۇقلۇق ،
بىكار ياتسام نېمە مەنىسى!
راھەت ماڭا كەڭرى ئورمانزار ،
راھەت ماڭا ئۇنىڭ پەرۋىشى.

ئۇندا ئېسىل بىنالار پۈتەر ،
بۇ ئالەمدىن بوۋاڭمۇ ئۆتەر .
بىراق نەچچە يۈز يىل ئۆتسىمۇ ،
ئەۋلادلىرىم مېنى ياد ئېتەر! ...»

دېدىم : «رەھمەت ئەقلىڭگە بوۋا ،
ماڭا ئۆرنەك سەندىكى غايە .
قولۇڭدا جىق ئورمان كۆكلىسۇن ،
نەۋرىلەرگە تاشلىسۇن سايە! ...»

1983- يىل 6- ئاي

#  كوئنلۇندا باهار

كەزمەكتىمەن گويا بىر قۇشتەك ،
كوئنلۇننىڭ ئېتەكلىرىدە .
كۆرمەكتىمەن بەخت نۇرىنى ،
هەر گىياهنىڭ چېچەكلىرىدە .

دەريالىرى يىپەك لېنتىدەك ،
ئۈزۈلمەستىن دولقۇنلاپ ئاقار .
سۇ تېگىدە زۇمرەت ، لەئەل رەڭ —
قاشتاشلىرى كۆزنى چاقنىتار .

بېتون كۆۋرۈك ئۈستىدە ئەنە ،
سىم چىراغلار يانغان چاراقلاپ .
ئۆتەر بۇندىن مىڭلىغان كارۋان ،
بەھۇزۇر ، خۇش دىللىرى يايراپ .

مەرمەر ساراي كوئنلۇن گويا ،
رەڭدار گىلەم ، هوسۇللۇق يەرلەر .
ياراتماقتا بۇندا گۈزەل باغ ،
هۆر هاياتتىن بەختى كۈلگەنلەر .

1983- يىل 8- ئاي



# توي لىرىكىسى

كۆز چېغى ھۆر يېزامنى جانلاندۇرۇپ،
خۇشناۋا ناغرا ـ سۇناي كۈيى كەلدى.
كەينىدە مېھمانلىرى سەپ تارتىشىپ،
شاد ـ خۇرام قىز ـ يىگىتنىڭ تويى كەلدى.

كەلمەكتە ئات ئۈستىدە قىز ۋە يىگىت،
بېقىشىپ بىر ـ بىرىگە خۇش نەزەردە.
ئارغامچا تارتتى يولغا مەھەللە ئەھلى،
تەبرىكلەپ ئىككى ياشنى ھەر گۈزەردە.

نەۋ جۇۋان ـ سېكىلەكلەر ئۇسسۇل ئويناپ،
بەختىيار قىز ـ يىگىتكە يول ئاچىدۇ.
يىگىتكە باققاندا قىز چۈمبەل ئىچرە،
يۈرەكتە ئىشقى شامى نۇر چاچىدۇ.

تونۇشقان بۇ قىز ـ يىگىت ئىش ـ ئەمگەكتە،
بولغاچقا ئىرىقى بىر، ئېتىزى قوشنا.
سۇ تۇتۇش، ئورمىلاردا بولۇپ ھەمكار،
بولۇشقان بىر ـ بىرىگە مۇشتاق ـ ئاشنا.

نام ئالدى «تۆهپىكار» دەپ بۇ يىل يەنە،
ئىككى ياش مول هوسۇلنىڭ بەيگىسىدە.
تۇتاشتى جۈپ يۈرەككە ئىشق ئوتى،
شەرەپ گۈلى چاقنىغاندا مەيدىسىدە.

ئۆتكۈزدى قانچە ئايدىڭ كېچىلەرنى،
بەسلىشىپ ئىش ـ ئەمگەكنىڭ بەيگىسىدە.
ھە، بۈگۈن تويى بوپتۇ ئىككى ياشنىڭ،
ئالتۇن كۈز — مول هوسۇلنىڭ بەزمىسىدە.

1983- يىل 9- ئاي





# تاۋاپگاھ

كۆل بويىدا قەبرى مەجنۇنتال،
مەھەللەمنىڭ شاھىت، زىننىتى.
ھەر كۆرگەندە بولۇر كۆڭلۈم لال،
جەننەت ماڭا ئۇنىڭ لەززىتى.

گۈل كۆرۈنەر مەن يارنى كۈتكەن،
كۆل بويىغا تۇتاش كوچىلار.
شۇ مەجنۇنتال تۈۋىدە ئۆتكەن،
قانچە شېرىن ئايدىڭ كېچىلەر...

بۇندا كەلسەم ھەر باھار يالغۇز،
تاۋاپ ئەيلەپ سۆيگۈ ئىزىنى.
پۇراق چېچىپ ياپيېشىل يالپۇز،
بېرەر گويا يارنىڭ ھىدىنى...

1985- يىل 5- ئاي





# ئەسسالام يېزام

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مېھرىبان يېزام،
ئەسسالام، بەزمە - كۈي ماكانى كۈييار.
ئەسسالام، كەمىنەڭ كەنتىسى پاۋان،
ئەسسالام، تۇغۇلغان مەھەللەم يامانيار.
ئەسسالام، ئۈزۈمزار، ئۆرۈكلۈك باغلار،
ئەسسالام، ئەتىر بۇي چېچىلغان گۈلزار.
شۇ گۈلزار بېغىڭنى كۆرگىلى كەلدىم،
ساپ ھاۋاڭ لەززىتىن سۈرگىلى كەلدىم.

بالىلىق چاغلىرىم ئۆتتى سېنىڭدە،
بىلىمەن تارىخىڭ، تەزكىرەڭنى مەن.
ئوينىغان باخاشلاپ توپىلىرىڭدا،
كۆرگەن ئاق تېرەكلىك مەنزىرەڭنى مەن.
قانمايتتىم كېچىلەر يۇلتۇزلىرىڭغا،
ياپماستىن تاڭغۇچە دېرىزەمنى مەن.
ئاخشىمى ئاي، يۇلتۇز كۆرگىلى كەلدىم،
تېرەكلىك يولۇڭدا يۈرگىلى كەلدىم.

غەربىڭدە سۇ ئامبار — كۈمۈش ئەجدىھا،
ئوينايدۇ بېلىقلار، غاز ۋە ئۆردەكلەر.

يۇرەككە ئارامبەخش سەيلىگاھ بۇ يەر،
قىرغاقتا يەلپۈنگەن چوكان سۆگەتلەر.
تېخىمۇ جەزىبدار بولۇپسەن بۈگۈن،
قانمىدى تەلپۈنۈپ سوققان يۈرەكلەر.
شۇ ئوماق بويۇڭنى كۆرگىلى كەلدىم،
مەڭزىڭگە يېنىشلاپ سۆيگىلى كەلدىم.

پاۋانكى — سەبىيات ھەم ئوۋچىغا مەنە،
ئەجدادىم بۇ يەردە قىلغان ئوۋچىلىق.
ئۈزۈلمەي كەلمەكتە بۇ ئۇدۇم يەنە،
ئۆيلەردە، تور، قارماق، مىلتىق ئېسقلىق.
شۇڭلاشقا كەنتىمنىڭ نامىدۇر پاۋان،
بۇ تەزكىر ھەر يۈرەك - دىلغا يېزىقلىق.
تارىخىڭ ۋاراقلاپ كۆرگىلى كەلدىم،
ئەجدادقا مەدھىيە تۈزگىلى كەلدىم.

مەھەللەم — يامانيار ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن،
چوڭ ئۆستەڭ يار ئالغاچ ئاتالغان شۇنداق.
ھېلىمۇ بۇ يەرنىڭ شىمال، شەرقىدە،
كىچىك بىر تىگان بار شىرەملىك شىۋاق.
بوۋىلار ئېيتىدۇ: «كۆل ئىدى بۇ يەر،
ئوينىغان ياۋايى ئۆردەكلەر بىۋاق...»
شۇ قەدىم ئىزلارنى كۆرگىلى كەلدىم،
ئىشقىڭدا ئوت بولۇپ كۆيگىلى كەلدىم.

يېزامنىڭ بۇگۈنكى ئىسمىدۇر گويا،
ئەسلىدە كۈييار دەپ ئاتالغان بۇرۇن.
چۈنكى جىق بۇ يەردە ناخشا، ئۇسسۇلچى،
ئەمەستۇر خەلقلىرى ئېزىلەڭگۈ، ھورۇن.
شامەمەت، خېللاخۇن، كامالجان بۇندا،
تۇغۇلۇپ مەشرەپكە تۈزۈشكەن سورۇن.
سەنئەتكار خەلقىمنى كۆرگىلى كەلدىم،
شۇ قىزىق بەزمىدە كۈلگىلى كەلدىم.

بەقەسەم تون كىيگەن شائىر تەجەللى،
سەير ئەتكەن يولۇڭدا مىنىپ قارا ئات.
ياشىغان ئۆي تۇتۇپ بىرنەچچە يىل ھەم،
«ھالۇ كۆل» مەھەللە بولغاچقا ئاۋات.
تەجەللى ئىزلىرى چۈشكەن يېزامدىن،
ئالىمەن ئۆزگىچە، ئۆزگىچە ساۋات!...
تەۋەررۇك شۇ يولنى كۆرگىلى كەلدىم،
ئىلھامدىن مەرۋايىت سۆزگىلى كەلدىم!

1990- يىل 5- ئاي





# بىر ئالىمغا تېز سىزما

ئۇستەللەرگە تىزىپ ھەر خىل دورىنى،
قىلماقتا ئۇ سىناق نىترات خلورنى.
ھەرىكىتىدىن نۇرلاندى خۇش بىر سىيما،
كۆز ئالدىمدا فارابى ۋە بىرونىي.

بىراق. چېچى قوندۇرغۇچە قىرونى،
سۆيۈلمىدى، سۆيمىدى ھەم بىراۋنى.
سۆيدى پەقەت تەتقىقاتنى، پەننى ئۇ،
ماكان قىلىپ تەنھا ھۇجرا - قورۇنى.

1990- يىل 6- ئاي



# ساتىراشنى سەنئەتكار دېسەم...

ساقىلىمنى نەملىگەن قولۇڭ،
شەبنەم يۇغان غۇنچە ـ نىھالمۇ؟
ئېگىكىمنى سۆيۈپ ئۆتكىنى،
گۈل بەرگىمۇ، مەيىن شامالمۇ؟

نېرۋىلارغا شىپادۇر قولۇڭ،
سەن خۇددى بىر ماھىر سېستىرا.
قايتۇرىسەن ئۇن سەككىز ياشقا،
قولۇڭدا كاپ، ئويناق ئۇستىرا.

ئاددىي، ئۇلۇغ ھۈنەر ـ سەنئىتىڭ،
ھەر كىشىگە بەخش ئېتەر ياشلىق.
رەھمەت ئېيتماي كەتمەيدۇ ساڭا،
مەيلى پۇقرا ھەم ئېسىل باشلىق.

سېنى ماھىر سەنئەتكار دېسەم،
ماقۇللايدۇ ئاۋام ـ خالايىق.
چۈنكى ئاددىي ھۈنەر ـ سەنئەتتىن،
تاپتىڭ ئاتاق ھۆرمەتكە لايىق!

1990- يىل 7- ئاي



# ئۇيغۇر قىزى ئامانىسا

ئۇيغۇر قىزى ئامانىسا مۇقام خانىشى،
تۆھپە قوشتۇڭ مۇقاملارنىڭ بولۇپ ۋارىسى.
مۇقام - كۈيلۈك شاھ تەختىگە كۆچۈردى سېنى،
مۇقام بىلەن پۈتتى گۈزەل ئۆمرۈڭ قامۇسى.

مۇقاملارغا ئەشئار تۈزدۈڭ باغلاپ رىشتىنى،
ئىجاد قىلدىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» ئابۇ چەشمىنى.
بۇلبۇل قونۇپ ساتارىڭغا باش ئەگدى ساڭا،
مۇقام بىلەن كۈلدۈردۈڭ شاد دولان دەشتىنى.

مۇقامىڭنى ئاڭلىغاندا رەشىدخان سۇلتان،
قەلبىدە چىن مۇھەببەتتىن قاينىدى فونتان.
گۆھەر تاپتى شىكاردىن ئۇ، نە گۆھەر، بىر قىز،
چۈشىدىمۇ كۆرەلمىگەن بىر گۈزەل ئىنسان...

ئۇيغۇر قىزى ئامانىسا ــ مۇقام خانىشى،
مۇقام بىلەن پۈتتى گۈزەل ئۆمرۈڭ قامۇسى.
دىۋان نەفىس، ئابۇ چەشمە، ئىشرەت ئەنگىزىڭ،
چاقناپ تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ قالغۇسى!

1991- يىل 4- ئاي



# ئاخشام لىرىكىلىرى

## كوچىدا

ھەر ئاخشام خۇمارلىق كوچا كېزىمەن،
تېنىمدە راھەتلىك ئارام سېزىمەن.
تەبىئەت بەخش ئەتكەن مۆجىزىلەرنىڭ،
بېغىدىن گۈل ئۈزۈپ دەستە تىزىمەن.

## شامال

شامالللار شىۋىرلاپ سۆيەر مەڭزىمنى،
گاھ يەرنى سۈپۈرۈپ يالار ئىزىمنى.
گاھ خۇش ھىد ئەكېلەر باغ - ئېكىنلەردىن،
ئويغىتىپ قەلبىمدە ئوتلۇق سېزىمنى.

## ئېقىن بويىدا

توختىدىم تونۇش بىر ئېقىن بويىدا،
مەن بۇندا نەچچە رەت جانانىنى كۈتكەن.
«ئۈنچىمۇ، مارجانمۇ؟...» سىردىشىپ بۇندا،
سىنىشىپ بەختىمىز، سىردىشىپ ئۆتكەن.

كەتسىمۇ شۇ كۈنلەر، بۇ ئاخشام يەنە
قوزغالدى يۈرەكتە ئۆزگىچە شادلىق.
يۈزۈمگە ئۇرۇلغان مەيىن شامالمۇ،
شۇ يارنىڭ ھىدىدەك سېزىلدى تاتلىق!...

## كاككۇك

بار سەندە نە خىسلەت تەنھايى كاككۇك،
كېچىمۇ سايرايسەن ھەر يانى كاككۇك.
ئاشىقسەن، بىلەرمۇ مەشۇقۇڭ بۇنى،
بارمىدۇ ئاھىڭغا پەرۋايى كاككۇك؟

سايرايسەن كۈن ۋە تۈن، بوران چېقىنىنىڭ
تەگسىمۇ توسقۇنى پەشۋاسى، كاككۇك.
يەتكۈزەر بىر كۈنى ئىشقىڭنىڭ ئەجرى،
جانانىنىڭ ۋەسلىگە تەشنايى كاككۇك!...

## ئاينىڭ تەبرى

ئاخشىمى سۈرىمەن شېرىن بىر خىيال،
چىنەمگە تولدۇرۇپ مەززىلىك چاينى.
كۆرسىتەر پەردىنى قايرىپ شوخ شامال،
مەجنۇنتال قۇچاقلاپ ئوينىغان ئاينى.

ھەسسەتتە باقسام شۇ ئاينىڭ چېھرىگە،
چاي ئىچرە شۇڭغۇپلا بولىدۇ پەيدا.
تەبەسسۇم بالقىغان نازلىق مېھرىگە،
قانمايمەن ئىچسەممۇ بولۇپ مىڭ شەيدا.

ئەپسۇس، ئۇ ئەركىلەپ ئورنىدا يەنە
ئوينايدۇ ياپراقلار ئارا كۆز قىسىپ.
دەر شۇ چاغ مۇھەببەت دېگەن شۇ، ئەنە،
چىن سۆيگۈ ئەھلىگە بولمايدۇ نېسىپ!...

## قىسمەت ۋە مۇھەببەت

ھەشەمەتلىك گۈلزارلىق ھويلا،
ئولتۇرىدۇ زىلچىدا بوۋاي.
قاناتلىنار خىياللار، ئويلار،
ھۆر ھاياتنىڭ پەيزىگە تويماي.

ھۆكمەت ئوقۇپ مۇڭلۇق، پەرىشان،
كەلدى شۇدەم تىلەمچى موماي.
كەتتى شېرىن ئويلار چېچىلىپ،
تۇرغاچ قاراپ تونۇش بىر چىراي!

نۇرسىز كۆزلەر چاقتى بىر چېقىن،
توختىمىدى موماي چىلتەنگە.

ھەر يۇرەكتە بىر ئىسسىق ئىقىن،
تاراپ كەتتى تومۇرغا ــ تەنگە...

ئاھ شۇ بوۋاي ياشلىق چېغىدا،
شۇ پەرىگە كۆيگەن ئەمەسمۇ ؟
نازلىنىپ قىز شۆھرەت بېغىدا،
بويۇن تولغاپ يۈرگەن ئەمەسمۇ ؟!

ئۆتتى شۇنداق يېرىم ئەسىرمۇ،
ئىككى باشقا ئىككى خىل قىسمەت.
سولدى ياشلىق ــ نۆۋەر پەسىلمۇ،
سولمىدى شۇ ئالتۇن مۇھەببەت!...

## يىغلىما، ئانا

ئاق يېپىلغان بىر تاۋۇت ئاستا
قەبرىگاھقا ماڭماقتا ئۈزاپ.
«ئاھ قىزىم!...» دەپ يىغلايدۇ ئانا،
ياقا يىرتىپ تولغىنىپ زارلاپ.

ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن،
تۈنۈگۈن قىز مۇڭدىشىپ ماڭغان!
مۇھەببەتنىڭ ئۈمىد چىرىغى،
جۈپ يۈرەكتە نۇر چېچىپ يانغان!

ئەپسۇس، ئانا پۇل خەنجىرىدە
كەسمەك بولدى سۆيگۈ رىشتىنى.
بىراق ئۇ قىز لەھەتكە بىللە
ئېلىپ قاچتى مۇھەببىتىنى...

پۇشايمان يەپ يىغلىما ئانا،
كەتتى قىزىڭ كەلمەس قەسرىگە.
شۇنداق غالىب مۇھەببەت دېگەن،
ئالالمايسەن پۇلغا، ئەسرىگە.

1995- يىل 5- ئاي



# جەنۇبتىكى بىر بازار



سەن كەڭرى دۇنيانىڭ ئىخچام سۈرىتى،
ئادەملەر قاينىغان شاۋقۇنلۇق بازار.
ساڭىلا مۇجەسسەم ئىنسان سەنئىتى،
ھەر رەستەڭ سەتھىدە جۇلالاپ چاقنار.

بىر گۈزەل رەڭگا رەڭ پىچاق دۇنياسى،
كۆز چاقار ھېقىق كۆز قەلەمتىراچلار.
بىر ياندا نەي، تەمبۇر يۈرەك داۋاسى،
مۇقامغا ئىشقۋاز ئوتلۇق قاراشلار...

بىر رەستە تۈمەن خىل دوپپا ۋە ئەتلەس،
بىر خىلى مىڭ دىلنى ئەيلەر مەھلىيا.
گىلەملەر گۈلىدىن كۆزلەر مەست ـ ئەلەس،
ھۈنەرۋەن قولىغا سۆيسۈن ئەۋلىيا!...

زەر سۆكە، بىلەزۈك، چەش كۆز ئۈزۈكلەر،
سېلىنسا قۇلاققا، ئايئاق بىلەككە؛
ئويناق كۆز، قەلەمقاش، لېۋى سۈزۈكلەر،
مىڭ پاتمان دەرد سالار ئوتلۇق يۈرەككە.

قىزىيدۇ ئات، كالا، قويلار سودىسى،
قارسىلدار ئۇرۇلسا ئالىقانغا ئالىقان.
دېھقاننىڭ قولىدا مىڭلاپ سوممىسى،
تەر ئۇ، زەرلەرگە ئايلىنىپ ئاققان!...

ئات ـ ئۇلاغ ئورنىدا تاكسى، ئاپتوبۇس،
بېكەتلەر ئارىسى قىسقىرار قەدەم.
تېلېۋىزور سورۇنى ھەر دۇكان، دوقمۇش،
ھۆسەنجان جامىدىن مۇڭ تۆكەر ئەجەم!...

بۇندا مول جىمىكى نازۇنېمەتلەر،
كۆك كەپتەر باچكىسى، بېلىق كاۋىپى.
نامايان بۇندا ھەم بارچە سەنئەتلەر،
ھەتتا زىل، مۇڭ غېرىب قويچى راۋابى.

بىر ئىچچام دۇنيا سەن ھەممىگە شاھىت،
تۆمەن خىل ھاياتنىڭ كۆرىكى سەندە.
ئۆتىدۇ باي، نامرات، ئالىم ۋە زاھىت،
يېگانە رەستىسى ـ كۆۋرۈكى سەندە.

تووۋلايدۇ ئون ياشلىق بىر بالا، ئەنە،
(بوينىدا مىلىچ مال يايغان تاختىسى).
«ساتىمەن سەرەڭگە، چاچ سوپۇن، خېنە،
ساتىمەن ئاياغ ماي، مانا ياخشىسى!»

قۇرۇغان گەز لېۋى توۋلار شۇ تەرىز،
تەتىللىك تاپشۇرۇق ئۈچۈن پۇل كېرەك.
«ئاغرىقچان ئانامنى بوغمىسۇن قەرز،
بىر ئانا ئۇ ماڭا، ئوقۇشتا يۆلەك!...»

كېلىدۇ بىر بوۋاي ھالسىراپ يەنە،
بەلۋاغقا ئېسىلغان كىرسىن شىشىسى.
كەچتە جىن چىراغتا گىردە نان شىرنە،
بىر لەززەت ئۇنىڭغا كەچلىك تۇرمۇشى.

بار بۇندا ھېلىھەم تاغار ۋە خۇرجۇن،
بوزچىلار توقۇغان ماتا، يۇڭ، چەكمەن.
بار بۇندا ئاپتۇۋا، نەپىس مىس چۆگۈن،
دېھقاننىڭ ئىجادى ساپال ھەم كەتمەن.

قەدىم ۋە بۈگۈننىڭ ھۈنەر مەھسۇلى،
ئۇچراشقان بازار بۇ تېپىپ «چىن ۋىسال».
گۇۋاھتۇر بانكىرنىڭ ھېساب ئۈستىلى،
چوت بىلەن ئېلېكتىر مىڭە بىر مىسال...

قىزىيدۇ جەنۇبنىڭ شۇنداق بازارى،
ئەپسۇس، يوق بۇ يەردە گېزىت ساتقۇچى.
بار قەدىم كىتابلار لۇتفى، نىزارى،
تارىخي يازمىلار ئىزدەپ تاپقۇچى.

ئەنە، بىر ياش يىگىت ــ تەتقىقاتچى ئۇ،
مويىسىپىت بوۋايدىن ئالدى بىر كىتاب.
تەۋەررۇك قول يازما ــ گۆھەر تاپتى ئۇ،
سىغمايدۇ شادلىقى تېنىگە شۇ تاپ!...

جەنۇبنىڭ بازىرى قاينايدۇ شۇ ھال،
رەڭگا رەڭ تۇرمۇش ۋە ھۈنەردىن پارات.
چەت ئەللىك سايياھمۇ ئۇچرايدۇ غىل ـ پال،
بويىندا سومكا ھەم ئېسىل ئاپپارات.

جەنۇبنىڭ شاۋقۇنلۇق قايناق بازىرى،
رەڭگا رەڭ دۇنيانىڭ ئىخچام سۈرىتى.
چاقنايدۇ قەدىمي ھەمدە ھازىرى،
ئۇندا مول ئىنسانىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى.

بازار بۇ مەڭگۈلۈك شاۋقۇن ئۈزۈلمەس،
كىرسەكمۇ بارچىمىز تۇپراق ـ قەبرىگە.
بىراق چىن ھۈنەر ۋە سەنئەت كۆمۈلمەس،
قالغاي ئۇن مىڭ يىللاپ چەۋرە ـ ئەۋرىگە!

1999- يىل 9- ئاي

# ئېپكا ھارپىسى

( ئابلىكىم خېۋىرغا مۇشائىرە )

شۇ «خەير، ئېپكا»* ئۇچۇردى لەرزان،
گويا كى ئۆزۈمنى سەزدىم ئەرشتە.
مانالار ئىچىدىن كەلدى مەن تامان،
گۈل تۇتۇپ خۇش چىراي گۈزەل پەرىشتە.

گۈل ئىچرە مويسىپىت ئېپكا بوۋاي،
چاچ - ساقال چۈشۈرۈپ بولۇپتۇ سىدام.
دەر: يولنى مانالار ئارا تېز بۇراي،
ئېنىقلىق ئىچىدە يوق مەندە چىدام.

مانالار ئىچىدە ئارامگاھ ياساي،
تىكىلسۇن تۇماندىن كۆرپە تەكيەم.
يۇلتۇزسىز گۇگۇمنىڭ باغرىدا ياشاي،
بۇلۇتقا سىڭىشسۇن تۇرقۇم - تەسۋىرىم.

كەلتۈرگىن مەن ئۇچۇن شەكىلسىز قەلەم،
ساپ يامغۇر سۇيىدىن ئىچۇرەي سىياھ.

* «خەير ئېپكا» ناملىق شېئىر «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

يېزىلسۇن تىلسىمدەك شادلىق، دەرد ـ ئەلەم،
يېزىلسۇن رەڭسىز ھەم رەڭدار گۈل ـ گىياھ!...

خاس ھاجىپ، نەۋايى داستانى ئۇچۇن،
ئۆزگىچە تۈس بېرىپ شەرھلەر يازاي.
ئوراپ سۇر دۇردۇنغا مەن ئۇنى پۈتۈن،
تىلسىملار تەكتىدىن گۆھەرلەر قازاي.

كېسىلسۇن ئۆزىچە سىرلىق ئۇيۇلتاغ،
سۇلارغا لىق تولسۇن ئۆستەڭ ۋە ئېرىق.
نە كېرەك ۋىسالغا، گۈزەل چاھارباغ،
پەرھادمۇ شېرىننى كۆرمىسۇن ئېنىق!...

كەل ئېپوس ئەجدادىم، كەل بېرى تېزراق،
تېز يۇيۇپ ئوسىماڭنى، ئەڭلىكلىرىڭنى.
تۈز مىكرو ماسىشتاب، ئۇزاقسەن، ئۇزاق،
مەن قاساپ ئىخچاملاي كەڭلىكلىرىڭنى.

چىلك سىغداي بىر سۆزگە مىلك ئورام مەنە،
ئاجرىغىن ئالىيېشىل قۇراقلىرىڭدىن.
ئاندىن تۇغمىلا بولغىن بەرەھنە،
خەيرلەش قاپىيە، تۇراقلىرىڭدىن!...

ئەقىللىق ئوقۇرمەن تور يېيىپ كەڭرى،
دولقۇنلار ئارا شاد ـ خۇشال ئۈزىدۇ.

گاھ ئۇنى قىيىقتا ئۇخلىتار تەگرى،
چۈشىدە زەر ـ ئالتۇن بىلىق سۈزىدۇ.

سەنمۇ بىر تامچە بول رەڭسىز، پۇراقسىز،
رەڭ، شەكىل، ھىدىڭنى تاپسۇن تۇيغۇلار.
ئايلانغىن كۆرۈنمەس يەلگە تۇراقسىز،
تو سمىسۇن يولۇڭنى رىتىم، ئۇرغۇلار!...

ئوقۇرمەن ئۆزگىچە ئالسۇن بىر لەززەت،
تەبىرگە ئۆزىدىن تېپىپ ئامالنى.
ئەمەسقۇ مەنىلەر سىپىرلىق تىلخەت،
لىڭشىغان دەرەختىن كۆرسۇن شامالنى.

مانانلار بەزمىسى ئوقۇدۇم شېئىر،
بۇ ئەسىر ئاخىرى دەم ئېلىش ھارپام.
غەلۋىر ھەق تاسقايدۇ، يوق بۇندا سېھىر،
مەيلىغۇ ئېلىشسا بۇغدايغا ئارپام!...

چۈنكى مەن ئۆزگەردىم مودىغا لايىق،
قالغىنى ئەتىگە، ئەتىگە پىلان.
پەرمانغا كۆنۈپتۇ دېسۇن خالايىق،
يېڭىچە نامىمنى قىلغاندا ئېلان!...

2001 ـ يىل 8 ـ ئاي

# پۇل ھەققىدە مۇخەممەس

يازدى كۆپ شائىر سېنى بولغاچ ساڭا مەيلانە پۇل،
سەندىكى خىسلەت ـ سېھىر قىلغاچقا ھەس- ھەيرانە پۇل،
بەزىلەرنى غەنى قىلدىڭ، بەزىنى ۋەيرانە پۇل،
بەزىلەرگە پارا ـ سوۋغات، بەزىگە خەيرانە پۇل،
ئېيتقىنا سىرىڭ ماڭا، سىرداشلىقىڭ غەيرانە پۇل.

سەن ئەزەلدىن ئىشلىگەننىڭ غەمخورى ھەمراھى سەن،
ياشنىغان باغ ـ بول شەھەرنىڭ قۇدرىتى، ئىجراسى سەن،
ھۆر ۋەتەننىڭ پاسبانى ــ زور قوشۇن سەپراسى سەن،
چىن، ھالال ساپ ئۇنچە تەرنىڭ قىممىتى ھەقداسى سەن،
ئوت يۈرەك ئەمگەكچىلەرنى ئەيلىدىڭ مەردانە پۇل.

ئىشلىتىپ ئىدراك ـ ئەقىل ئوغلانۇقىز تاپتى سېنى،
مىڭلىغان نامراتقا ھەم مەكتەپ ئۇچۇن چاچتى سېنى،
پۇل ئەمەس، مەرد مېھرى دەپ ئەل باغرىغا باستى سېنى،
ئىلىم ـ ئىرپان ئاسمىنىغا ئاي كەبى ئاستى سېنى،
ئەل سۆيەر ئوغلان قولىدا چاقنىغان دۇردانە پۇل.

بەكمۇ ئەپسۇس، بەزىلەر تاپتى سېنى گەپ ـ يەل بىلەن،
پارىخورلۇق قىلمىشىدا «مەرھەمەت، كەل ـ كەل»بىلەن،

«كىچىدە ئاۋارە بوپسەن،... بۇ ئىشىڭ ھەل - ھەل» بىلەن،
گەر قۇرۇق قول كەلگىنىڭگە «توختىغىن سەل - پەل» بىلەن،
شۇ تەرىز ئاقتىڭ چىرىككە دەممۇدەم خۇپىيانە پۇل.

بەزىلەر تەگلەپ سېنى خوش - خوش دىبان ئالدى ھوقۇق،
بەزىلەر ئۇنۋانمۇ ھەم ئالدى سېنى خەجلەپ تولۇق،
بەزىلەر تويماي يەنە خەزىنىدىن ئاچتى يوچۇق،
دېدى ھەم :«بۇ ئىشلىرىم مەنسەپتىكى ئامەت، ئۇتۇق،»
بۇلغىدى نامىڭنى شۇنداق سۆزلىشىپ كۇپرانە پۇل!

ئۆزگىرىپ قالدى ئېتىڭ «پارا» دېگەن سەت گەپكىمۇ،
ئۇشبۇ نامىڭ كىردى ئىرپان گۇلشەنى مەكتەپكىمۇ،
چۈشتى ھەتتا نەچچە بىمار بىداۋا سەكراتقىمۇ،
چىقتى ئاخبار ئاشۇ قىلمىش بېسىلىپ سەر بەتكىمۇ،
قىلما بەس بۇ قىسمىتىڭگە ئەمدى سەن شۈكرانە پۇل!

ئۆزىتىلسا قارا قوللار ساڭا ھەر پىنھان بىلەن،
سۇغۇرۇلدۇڭ گاھى سومكا، گاھىدا ھەميان بىلەن،
بىرى كۈلدى، بىرلىرى زار قاقشىدى ئارمان بىلەن،
چۈشسە دەپ تورغا رەزىللەر قانۇنى پەرمان بىلەن،
بەزى خۇش ئىنسان سېنىڭدىن، بەزىدە سەرسانە پۇل.

شۇڭا دەيمىز بىز سېنى ئىشلەپ ھالالدىن تاپقۇلۇق،
باي بولۇشنىڭ يولىدا دادىل قەدەملەر باسقۇلۇق،
ھەر قەدەمدە ساڭا ئەخلاق مەشئىلىنى ياققۇلۇق،

پارىخور ئاسقان قازاننى پارە ئەيلەپ چاققۇلۇق،
سېنى پاك، ھەق خەجلىمەك خەلقىم ئۈچۈن پەرىزانە پۇل.

ئۆكسۈسەك يانچۇقتا بىر كۈن، ياغىدۇ مىڭ بىر جاپا،
شۇنچە ئامراق ئەر - خوتۇنمۇ قىلىشار تەنە - تاپا،
نېمە چارە، دېسە پەرزەنت «ئىككى كوي بەرگىن ئاپا!»
بىزمۇ غەمكىن باللار ھەم مۆھتەرەم مېھمان خاپا،
شۇ مىنۇت پەيدا بولۇشقا سەن ئەمەس ئەپسانە پۇل.

ئۆتكۈزەر شاھانە تۇرمۇش كىم سېنى تاپسا ھالال،
كۆڭلى خاتىرجەم ھەمىشە بولمىغاي ھەرگىز مالال،
خەيرلىك ئىش ھىممىتىدىن تاپقۇسى نۇسرەت، كامال،
نى ئۇلۇغ ئارمان ئۈچۈنمۇ بار ئاڭا ئىمكان، ئامال،
دەيدۇ سەن بار، مەرھابا لوندون، ھەرەم، پەرغانە، پۇل.

بىر مەھەل چۈشتۈڭ دېھقانغا سەن بولۇپ ئالۋان - سېلىق،
بەزىلەر توققۇزنى ئوتتۇز قىلدى ھەم ئاقنى سېرىق،
پۈرلىشىپ چۆنتەككە چۈشتۈڭ تۈگمەي رەسۋا قىلىق،
كەلدى پەرمان، كەتتى يۇرتنىڭ ئۈستىدىن ئېغىرچىلىق،
ئەمدى بولغايسەن خەلقنىڭ دەردىگە دەرمانە پۇل.

2002- يىل 10- ئاي، قاراقاش



# يېشىل ئارمان

يېشىللىقتىن باشلانغان ھايات،
يېشىللىقتىن زېمىن ئۈز، ئاۋات.
ئۇندا ئۇماق قۇشلار بالىسى،
ئۇچۇرما بوپ چىقارغان قانات.

ئۇندا خۇشبۇي گۈل - غۇنچە سۇمبۇل،
شاد سايرىشار تۇمۇچۇق، بۇلبۇل.
ئۇندا سۆيۈش، شېرىن پىچىرلاش،
مەڭزلەرنى ئەيلەيدۇ گۈل - گۈل!...

يېشىللىقتا كىشنىشەر تۇلپار،
مۇڭ تۆكەر ھەم تەمبۇر، نەي، دۇتار.
ئۇندا ناخشا، خۇيلۇق شوخ ئۇسسۇل،
ئىشق ئاتەش دىللارنى ئۇتار.

ھاياتلىقنىڭ بۇلىقى ئاش - نان،
ئالما، ئۆرۈك، ئانارۇ بانان.
يېشىللىقتىن پۈتكەن ئەمەسمۇ،
نە كېرەككىن ئىزاھات - بايان ؟!...

تۇغقاچ مېنى ئانام ئەسلىدە،
شۇ خىسلەتلىك يېشىل پەسلىدە.
سىڭسەم دەيمەن يېشىللىقلارغا،
كۆيۈپ ئۇنىڭ ئوتلۇق ۋەسلىدە!

ئۇندىن قايتا تۇغۇلسام شۇتاپ،
چوغلۇق كەبى بولۇپ بىر كىتاب.
يېشىل ئارمان، يېشىل مۆجىزەم،
ئەۋلادلارغا بولسا بىر خىتاب!...

يېشىل ئاسمان بولۇپ ھەر بېتى،
يۇلتۇز كەبى چاقنىسا خېتى.
كۆلەر ئىدى يېشىل ئارمىنىم،
چىن روھلانسا ئىنسان خىسلىتى!

2002- يىل 2- ئاي





## خەتتات شەيدائىيغا

ئەسسالام دەپ كۆرۈشمىدۇق بىز لېكىن،
تونۇش پەقەت خەتتاتلىققا رىغبىتىڭ.
سېھرىلىدى مېنى، سەۋەب نېمىكىن،
رەققاسلارچە ئويناقلىغان ھەر خېتىڭ.

پەقەت ئىنسان گۈزەللىككە ئىنتىلەر،
خەتلىرىڭدىن كۆڭلۈم ئەجەب سۆيۈندى.
پەش، چېكىت، غول، ھەمزە، نەپىس ئەگمىلەر،
يارىنىڭ قاش، كۆز، مەڭلىرىدەك كۆرۈندى!...

2002- يىل 8- ئاي، قاراقاش



# غزەللر

# بىر گۈزەل

دىل چىمەنزارىم ئارا سەيلانە قىلدى بىر گۈزەل،
ئىشق شامىغا مىنى پەرۋانە قىلدى بىر گۈزەل.

تۇرقىدىن زۆھرە كۆرۈندى، مېھرىدىن لەيلى سەنەم،
گاھ بولۇپ شىرىن مىنى پەرھاد قىلدى بىر گۈزەل.

سۆيگۈ غەلىيانى مىنى قىلغاندا ئاڭا روبىرو،
باقمىشىدىن ئوت چېچىپ ۋەيرانە قىلدى بىر گۈزەل.

ئىشق ئوتىنىڭ تەپتىدىن ئەگىز ئېقىندەك سىرغىدىم،
كۆز يېشىمدىن نۇر چېقىپ دۇردانە قىلدى بىر گۈزەل.

ئەيلەپ ئەسرار ئاھۇ كۆز، گۈل-گۈل مەڭىز كىرپىكلەر ھەم،
ساچىغا باغلاپ مىنى سەرسانە قىلدى بىر گۈزەل.

تىلىدىم ۋەسلىنى، ئەپسۇس قايرىلىپ بىر باقمىدى،
ئىشقىدا مەجنۇن كەبى دىۋانە قىلدى بىر گۈزەل.

ئى روھلان، شىرىن ئازاب ئىلھامىدىن دۇردانە تۆك،
سۆيگۈ شۇنداق دەپ ماڭا پەرمانە قىلدى بىر گۈزەل.

1979- يىل 2- ئاي، قاراقاش

# قالدى



جانان ،كەتتىڭ قويۇپ دەردتە، يۈرەكتە ئىشق ئوتۇڭ قالدى،
كۆزۈم قاراقىدا چاقناپ مېھرىڭ سۈرىتىڭ قالدى.

سېنى ئەسلەتتى ئايدىڭ كەچ چىغىر يوللار، چىمەنلىكلەر،
ئۇ يەردە جانغا زوق كۈلكەڭ، يېقىملىق سۈلكىتىڭ قالدى.

تاۋاپ قىلدىم يېقىپ باغرىم، ئىزىڭ قالغان شۇ تۇپراقنى،
چېچىلغان بۇيى ئەنبەردىن تەسەللى شەپقىتىڭ قالدى.

لىباسىڭ رەختىنى كۆرسەم بىراۋنىڭ ئۈستىۋاشىدا،
نە رەخت، ئۇ يار سېنى كۆرگەن كەبى شوخ تەلئىتىڭ قالدى.

كېچە چۈشۈمدە ھەمراھسەن، يەنە كۈندۈزدە يادىمدا،
كۆڭۈل تەختىمدە سۇلتانە بولۇپ شان ـ شەۋكىتىڭ قالدى.

ۋۇجۇدۇم ئاسمىنى قۇچقان كۆڭۈل ئەسرارى ئايىمسەن،
يوشۇردى قاي بۇلۇت ئەمدى دىلىمدا ھەسرىتىڭ قالدى.

جانان، كۆرسەت جامالىڭنى، ساڭا چىن ئىنتىزار روھلان،
گۈزەل ۋەسلىڭگە يەتمەككە نەچچە كۈن مۆھلىتىڭ قالدى؟

1979- يىل 2- ئاي



# سەن-سەن

ئىشق دەشتىدە سەرسانمەن، يۈرەردە دۇلدۇلۇم سەن-سەن،
ئېغىر تىن ئۈسسە كۆكسۈمگە، تەسەللى گۈل-گۈلۈم سەن-سەن.

دىلىم مېھرابىدا سەن بار، ھەمىشە ماڭا شاد بايرام،
ۋىسال مەنزىلنى كۆرمەككە سېھىرلىك دۇربۇنۇم سەن-سەن.

سېنىڭ بىرلە گۈزەل دۇنيا، گۈزەل دەريا، گۈزەل ناخشا،
چېكىلسە زەخمىكىم تارغا، جان ئىشقى مەرغۇلۇم سەن-سەن.

يېشىل ئارمانلىرىم ئىچرە تۈگۈلدى رەڭمۇرەڭ غۇنچە،
ناۋالىق تىلدا بىر سايرا، دىل ئۇتقۇچ بۇلبۇلۇم سەن-سەن.

گۈلىستان ئىچرە روھلانسام، كۆرۈنمەس سەن كەبى بىر گۈل،
كۆڭۈل باغىمدىكى خۇشبۇي، ھاياتلىق سۈمبۇلۇم سەن-سەن.

1979-يىل 3-ئاي

# يـار

تىلى بۇلبۇل، مەڭزى گۈل - گۈل، لەۋلىرى گۈل - غۇنچە يار،
ساچى سۇمبۇل، كۆزى شەھلا، چىشلىرى دۇر- ئۈنچە يار.

ناز - كەرەشمە، خۇلقى ئىچرە يايرىغاي جان - تەنلىرىم،
سىھرى ئەيلەپ بۇ كۆڭۈلنى كەلسە خۇش كۈلگەنچە يار.

ئىشق ئـوتىنى قىلـدى پـەيدا ئىكـكى روھنىڭ زەرىتى،
دەردكە تولدۇم ئـاتەش ئىچرە ئۆرتىنىپ كۆيگـەنچە يار.

قىلدى نازلىق خۇش تەبەسسۇم، مەن ساڭا كۆيدۈم دىسەم،
شۇ كۆيۈككە چاچتى قوقاس مۇڭ خىيال سۈرگەنچە يار.

باسمىسۇن جىمجىت سۈكۈتلەر، بەر جاۋاب سالماي ئازاب،
قىل رەھىم رولانغا ئـەمدى قىنى ئـۆز مـەيلىڭچە يـار ؟!

1979- يىل 4- ئاي

# ئاتەش تەپتىمۇ



ئەتىرگۈلۈم دەيمۇ سېنى يا لەيلى رەيھان، سەبدىمۇ ؟
ئوت دەيمۇ يا كۆيدۈرگۈچى مېھرانە ئەتەش تەپتىمۇ ؟

زەپ ئۇلغىيار كەن ئىشق ئەجەب كۆزلەر تىكىلسە روبىرو،
جىسمىمدىكى ئوت گۈلدۈرى قۇلاقلىرىڭغا يەتتىمۇ ؟!

روھىمغا روھىڭ چىرمىشىپ ئوينار قۇچاقلاپ چۈشلىرىم،
ئەپسۇس، ئۆزۈڭ يوق ئاي كەبى جىسمىڭ يىراققا كەتتىمۇ ؟

ھىجراندا يۈرسەم دەشت ئارا ۋەسلىڭنى ئىزدەپ كۈنۈ تۈن،
سورىساڭچۇ كاشكى: ئاشىقىم ئىشق - رىيازەت چەكتىمۇ ؟

مەنكى سۇيۇقلاندىم ئېرىپ، سەن مۇز كەبى قاتتىڭ جانان،
روھلانغا چوغ، تەگرى ساڭا كاچكۇل سۈيىدىن سەپتىمۇ ؟

1979- يىل 5- ئاي



# مۇخبىر

يېڭى ئوبزور، خەۋەرلەر ياز، يېزىشنىڭ پۈرسىتى، مۇخبىر،
گېزىتتە شوخ جۇلا قىلسۇن زامانەم خىسلىتى، مۇخبىر.

مۇھىت ئوكيانىكى، سەن شۇڭغۇپ ئېرىنمەي ئىزلە دۇردانە،
ئۈنىڭدىن نۇرلىنىپ كۈلسۇن خەلقنىڭ رىغبىتى، مۇخبىر.

دەۋر بەردى ساڭا ئىمكان ھەمىشە سۆزلىگىن ھەق، راست،
سېنى ئەمدى ئېتەلمەس خار بىشەملەر تۆھمىتى، مۇخبىر.

بولۇپ سەن ئاممىغا تەڭ ھال، تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار،
قەيەرگە باركى، بولغىن سەن خەلقنىڭ ئۈلپىتى، مۇخبىر.

قېنى ياز يېزا، زاۋۇتنى، ئىلىم - پەن، يېڭى ئەخلاقنى،
تارالسۇن گۈل دىيارىمنىڭ ئۇلۇغۋار شۆھرىتى، مۇخبىر.

1981- يىل 3- ئاي





# ئون يىل

گويا توپان سۈيى ئوخشاش ئېقىپ ئۆتتى بىكار ئون يىل،
خارابە ئەيلىدى يۇرتنى، قىلىپ ئەلنى بىزار ئون يىل.

بىلىملىك ئۇندا يەكلەندى، ھەقىقەت ئەھلى چەكلەندى،
پىغان يۇتتى جۇدۇندا ئەل، باھارغا ئىنتىزار، ئون يىل.

دېھقان يەرگە ئۇرۇق چاچسا، ئېكىنزارلار قۇچاق ئاچسا،
ئۇنى چەيلەپ بۇزۇپ «جەندۇي» چېپىپ ئۆتتى قاتار ئون يىل.

باسالماي قەھرىنى دېھقان دېسە: «كىم ھەددىدىن ئاشقان؟»
بولۇپ لەۋزى «قەبىھ»، شۇل چاغ سولاقتا بولدى خار ئون يىل.

كىمىكى توق يېسە ئىشلەپ، دېدى: «كەتتىڭ ئېزىپ چەتنەپ»
«جىمىدىن ئىنقىلاپ ئەلا» دېگەن بولدى شوئار، ئون يىل.

ئېتىزلاردا قوناق، پاختا، يىغىلماي قالدى قىشلاقتا،
ئاتالمىش «ئىنقىلاپ»قا زور بېرىلگەچ ئېتىبار، ئون يىل.

قايانى تىڭشىساڭ دۇمباق ئاۋازى سالدۇ قوقاق،
ۋەھىمە قىلمىغان كىم بار، يېگەچ دەشنام ـ ئازار، ئون يىل.

ئۆتــەر دۇمباقــچىلار هــەركۈن كۈلا كىيگەنلىنى ھەيدەپ،
بىرى «سېرىق كىتاب» پۈتكەن، بىرى چالغان دۇتار... ئون يىل.

رىيازەت ئىچرە بوپ سەرسان، بىلىم ئــاشنــالىرى هــەريان،
ئۈلاردىن كەتتى ئەركىنلىك، بىكار بوپ ئىقتىدار، ئون يىل.

ئــويــۇلدى لــەخمە - خەندەكلەر، بۇزۇلدى ئۆي - ئىمارەتلەر،
ئۆتتۈشتى دوست بىلەن دوستلار بولۇپ تىنچلىققا زار، ئون يىل.

رەقىب بوپ ئەر بىلەن خوتۇن، چېكىشتى دەرد - ئەلەم ھەر كۈن،
تــوزۇتتى مېهــرىبانلــىقنى جــۇدۇنلــۇق بىقــارار، ئــون يىل.

ئۇ چاغ دەيتتى «بازار ئاۋات، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ھەم شاد»
بىراق خەلقىم كۆرەلمىگەن چىپەرقۇت، چىت تاۋار... ئون يىل.

نېچۈن ئىپتىماي ھەقىقەتنى، كۆرۈپ ئون يىل ئەمەلىيەتنى،
ئىسىمگە كەلسە ۋەيرانلىق، ساڭا قەھرىم ياغار ئون يىل!

قىران بىر ياش ئىدىم جۇشقۇن، بىلىمگە ئاشنا - يالقۇن،
يوقالدى ياشلىقىم، قىلدى مېنى خەس - خاكسار ئون يىل.

يــورۇق دۇنياغا كــۆز ئــاچتىم، بــۆلەكتىن ئېتىبار تاپتىم...
ئــەمــەسمــەن ئەمــدى ئــالدىڭدا نادانلىققا دۇچار ئون يىل.

سوراق ئۇستىدە تۆت مەلئۇن ساڭا ئەمدى جاۋابكاردۇر،
قېنى، بىللە ئاچايلى سوت، قىلىپ مات - شەرمسار، ئون يىل.

ئۇلار ئالدىدا سەن تاغدەك يىقىلماس - تەۋرىمەس پاكىت،
ئۇلار قوينۇڭنى خار ئەتتى قىلىپ قانلىق شىكار ئون يىل!

1981- يىل 4- ئاي



# شائىرغا

گٶزەل مىسراللىرىڭ بىرلە كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغىن،
ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئەلگە شىپا مېھرىگىياھ قىلغىن.

بېرىلمە ناز - سالاپەتكە، قوشۇل ئەل - يۇرت، جامائەتكە،
كېرىلىپ چەتتە يۇرمەكتىن ھەزەر ئەيلە، ھايا قىلغىن.

خەلق تۇرمۇشىدۇر زەر كان، يېزىشنى ئىزلىسەڭ ھەر ئان،
ئۇنىڭ زەررە سىيماسىنى كۆزۈڭگە تۇتىيا قىلغىن.

تېرىقنى تاغ دېمە ھەرگىز، تۇگەشسۇن ئۇ سېسىق ئەندىز،
سۆزۈڭگە توغرا - راستلىقنى ئۆچۇرمەس نۇر - زىيا قىلغىن.

بىراۋنى توغرىغا ئۇندەپ، ئۆزۈڭ چەت يۇرمىگىن مۇگدەپ،
ئاياشچۇن «زىلچا»نى ئاۋۋال ئۆزۈڭنى «بورىيا» قىلغىن.

بىنايىدەك* ھەسەت ئەيلەپ، خەلقنىڭ لەۋزىدىن قالما،
نەۋايى، لۇتپى، لوتۇندەك خەلقنى دوستىيا قىلغىن.

* بىنايى — ئەلىشىر نەۋايىنىڭ دوستى ۋە كېيىنكى رەقىبى. نەۋايى ئۇنى شېئىرىيەتتە ئۇستازىم دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن ئۇ، نەۋايىنىڭ خەلق ئىچىدىكى يۇكسەك ئابرۇيىغا ھەسەتخورلۇق بىلەن قاراپ، نەۋايى ئۇستىدىن پىتنە تارقىتىپ دۇشمەنلىك قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ نەۋايىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان تالانتىمۇ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۇشۇپ، ئەسەرلىرىمۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

شامالغا ئەگىشىپ ئۇچما، پۇشايماندىن زەھەر يۇتما،
قويۇپ يەڭگىل يۈرەككە تاش، ئۆزۈڭگە ھەم داۋا قىلغىن.

رەزىللىككە ھامان ئوت ئاچ، گۈزەللىككە جاۋاھىر چاچ،
قىزىقما زەر قەپەسكە، كۆكتە ئۇچ — سەيرى ساما قىلغىن.

ۋەتەن رازى شۇچاغ سەندىن، ئايان شائىرلىقىڭ ئاندىن،
ھەقىقەت بىرلە ۋىجدانىنى ئەبەد ئۆچمەس سىياھ قىلغىن!

1982- يىل 2- ئاي



# گۈل

دىلئارامىم سۆيگىنىمسەن، يۈرىكىم خۇشتارى گۈل،
چىن قەلب رىشتىم چىگىلگەن بوپ ساڭا ئەسرارى گۈل.

ھەر سەھەر باقسام گۈزەل ھۆسنىڭگە تويماي زوقلىنىپ،
ئاقىدۇ دولقۇنلىنىپ قەلبىمدە كۈي - ئەشئارى گۈل.

بىر مەھەل چەيلەپ سېنى سوقتى زىمىستان جۇتلىرى،
بولدى چېھرىڭ زەپىران، ئېچىلمىقىڭ دىشۋارى گۈل.

پەرۋەرىش ئەتسەم سېنى، بولدۇم ئاتالمىش «بۇرژۇئا»
تەگدى ھەرياندىن جاھالەت قامچىسى — پەشۋارى، گۈل.

سۈزۈلۈپ سۈبھى، ساما ئاچتى يۈزىنى نۇرلىنىپ،
ھەيدىگەچ تۈننى ھەقىقەت دىلبىرى — سەردارى، گۈل.

ئۆزگىچە كۈلدۈڭ بۈگۈن، قۇچۇپ جامالىڭنى باھار،
نۇر- زىيا ئىلكىدە ھۆسنىڭ ياشىندى رەڭدارى گۈل.

ياشنا - روھلان، كۈل ھەمىشە، ئەيلىسۇن بۇلبۇل ناۋا،
سېنى كۈلدۈرگەي ئەبەدكە دەۋرىمىز باھارى، گۈل.

1982- يىل 3- ئاي، قاراقاش

#  كېلـۇر

ئەي چېۋەر جانان، قېشىڭدىن ئۆرگىلىپ ئۆتكۈم كېلـۇر،
بىر نەپەس ئەيلەپ تەخىر، ئىشقىم بايان ئـەتكۈم كېلـۇر.

نـەكېرەك ھـۆسن - جامالىڭ مەن ئۈچۈن ئى دىلرەبـا،
پەنـگە ئاشىق ئىستىكىڭنى دىـلغا چىڭ پـۈككۈم كېلۇر.

ھەر قېتىم كۆرسەم سىېنى پـەن - تەتقىـقاتى ئۈسـتىدە،
شۇ ئەقىل - زېھنىڭنى قامۇس ئـەيلىـبان پۈككۈم كېلۇر.

دۇررى - زەرسۆزمەك ئۈچۈن پەن - مەرىپەت ئوكيانىدىن،
سەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ تېرەنگە تەك چۆككۈم كېلۇر.

ئىلمۇئىرپان نۇرىدىن ھۆسنىڭ لاتـاپەت ئالدى خـۇش،
تارتتى مېھرىمنى ئەجەب، ۋەسلىڭگە ھەم يـەتكۈم كېلۇر.

ھۆرۇغىلمانلار نە ھاجەت سەن كۈلۈپ باقساڭ شۇ ھـال،
تارى ئـەيلەپ رىشتىمىزنى بىر ئـۆمۈر چـەككۈم كېلـۇر.

ئـۆرلىسەڭ ئـەي گۈل جانان، چەكسىز نۇرانە چـوققىغا،
شـان - زەپـەر ئەبىيامىدا گـۈللەر ئـارا كـۈتكۈم كېلـۇر.

1982 - يىل 4 - ئاي، قاراقاش

# ئۈجمە

سېخىي ياز يەل - يېمىشلەرنىڭ شىرىنلىك ئەلچىسى ئۈجمە،
ساڭا تۇنجى ئېغىز تەگكەي بۇ يۇرتتا ھەركىشى، ئۈجمە.

كۈمۈشتەك يالتىرار مېۋەڭ كى ئالتۇن زىخقا تىزغاندەك،
سېنىڭ سايەڭدە قاينايدۇ قېرى- ياش بەزمىسى، ئۈجمە.

نەپىس زەر رەڭ ياغاچىڭدىن ياسالسا تەمبۇرۇ دۇتار،
ئېشىلگەي يەنە جىسمىڭدىن جاراڭلىق تارىسى، ئۈجمە.

چېلىنسا ھەر قېتىم مۇڭلۇق مۇزىكا يايرىتىپ دىلنى،
چۈشەر ئەسكە ئاماننىسا مۇقاملار ۋارىسى، ئۈجمە.

سۈمۈرسە قۇرت يوپۇرماقىڭ سۇرۇپ تال - تال يىپەك مەشۇت،
توقۇلغان ئۇندا يۇرتۇمنىڭ گۈل ئەتلەس - شايىسى، ئۈجمە.

شۇ ئاددىي قوۋزىقىڭدىنمۇ يارالغان تۇنجى قەغەزگە،
پۈتۈلگەن قانچە شائىرنىڭ كىتابۇ نەزمىسى، ئۈجمە.

قەدىم مەشرىقتە، مەغرىبتە كى مەشھۇر مەھسۇلۇڭ كۆپتۇر،
نەپىس شايى، راۋاب، قالۇن كېلىش مەنبە ــ بېشى ئۈجمە.

كى ھەربىر شاخ، يوپۇرماقنىڭ ئاشۇ تارىخ گۇۋاھىدۇر،
ئۆزۈڭنىڭ جىسمىدىن پۈتكەن شۇ تارىخ سەھىپىسى، ئۈجمە.

ئەمەسسەن مېۋىسىز، پورلاش سۆگەتتەك ناز- كىبىرىڭ يوق،
تەبىئىي، ساپ گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى — بەلگىسى ئۈجمە.

سېنى كۈيلەشكە ئاجىزدۇر تىلىمنىڭ رەزبىسى ئۈجمە،
بىلىم، تۇرمۇش ۋە سەنئەتنىڭ تەۋەررۈك خەزىنىسى ئۈجمە.

1983- يىل 6- ئاي



# خوتەن قىزى لوندوندا

يىغىلدى بۇندا ئامېرىكا، ئىران، تۈركىيە، ئاۋغاندىن،
ئەرەب، رومانۇ، پاكىستان، ئىراق، رىم، غەربىي گېرماندىن.

كۆرەك قىلماقتا لوندوندا خوتەنلىك قىز توقۇپ زىلچا،
ئۇنىڭ مەشغۇلىغا تەھسىن ـ تەشەككۈر ياغدى ھەر ياندىن.

بېشىدا ئال چىمەن دوپپا، يۈزىدىن خالىي رەڭ ـ ئۇپا،
يۈرەكى تولدى شادلىققا ۋەتەن بەرگەن شەرەپ ـ شاندىن.

ئۈرۈشلەر ئۈزرە ئوينايدۇ قولىدا پەنجە ھەم قايچا،
سېھىر يەڭلىغ چۈشەر ھەر گۈل كۆكۈل باغى— گۈلىستاندىن.

«چېۋەر قىز، ئاستىراق ئىشلە، ئايان بولسۇن سېھىر بىزگە»
تەلەپلەر ئاڭلىنار قىزغا بولۇپ تەرجىمە تىلخاندىن.

توقۇشنى كۆرسىتىپ رەتلىك ئىزاھلار ھەر نەقىش، گۈلنى،
پەخىرلىك ئۇ جاھان خەلقى بەخش ئەتكەن بۇ ئىلھامدىن.

نېچۈندۇر بىر بوۋاي شۇدەم بولۇپ يەرمەنكىگە داخىل،
ئىشەنمەي ئۈز كۆزىگە ئۇ قارايدۇ ئاستا پىنھاندىن.

گىلەم تۇجارى كەيلاتمۇ جامائەت ئالدىدا مەمنۇن،
دىيارى ئىلچىدىن كەلگەن گىلەم ئۇستازى ــ مېھماندىن.

خوتەننىڭ سەنئىتى ھەر تىل - زەباندا ئەيلىنىپ زىكرى،
ئېلىندى يۈزلىگەن سۈرەت- فىلىملەر ئۇشبۇ مەيداندىن.

يىراقى نەچچە مىڭ يىللىق تاۋارىخ شاھىتى زىلچا،
بۈگۈن ھەم ئۆچمىدى قەدرىڭ ئېشىپمۇ قانچە دەۋراندىن!

1983- يىل 7- ئاي



# كەل ۋاپادارىم

«سۇغا سالساڭ، سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،
ئالتۇن بىرىپ ئېلىپ بولماس، قالغان كۆڭۈلنى.»

يارنىڭ مەندىن كۆڭلى قېلىپ كەتتى يىراققا،
ھىجران بىلەن ئۆتكۈزەرمەن يالغۇز ئۆمۈرنى.

شۇندىن بېرى مەن ئىنتىزار يولغا قارايمەن،
ئەسلىتىدۇ سۆيگۈ ئوتى كۆيگەن تونۇرنى.

ئۇمۇندۇرما دېرىزەمنى چېكىپ، شوخ شامال،
يارغا يەتكۈز سالىمىمنى، ئەكەل ئۇچۇرنى.

كەل ئومىقىم، ۋاپادارىم، كەچۈرگىن مېنى،
بەخش ئەتكىن دىدارىڭدىن ماڭا ھۇزۇرنى!

1985- يىل 8- ئاي

# ئۆزگىچە

ھۆر كۆرۈندۈك، گۈل يېزام، بۈگۈن چىرايىڭ ئۆزگىچە،
ياسىنىپتۇ باغلىرىڭ ئايۋان - سارايىڭ ئۆزگىچە.

ھويلىلاردا ئاخشىمى «جاھاننەما*»نىڭ بەزمىسى،
خۇشناۋا مەشرەپكە جان قوشقان ساتارىڭ ئۆزگىچە.

جور بولۇپ شۇ شاۋقۇنۇڭغا ئاڭلىنار نەينىڭ ئۈنى،
جىلۋىلىك ئايدىڭ كېچە مۇڭلۇق سادايىڭ ئۆزگىچە.

سۈبھىدەم پەغەزدە كەپتەر ئۈنلىشەر «بۇق - بۇق» ئېتىپ،
باغ، ئېكىنزارنى سۆيۈپ ئۇچقان ساباھىڭ ئۆزگىچە.

ئاق تېرەكلىك يوللىرىڭ ھەر كەنت - مەھەللەڭگە تۇتاش،
«گاڭ قانات دۇلدۇللىرىڭ»* بىرلە سۇباتىڭ ئۆزگىچە.

شوخ، تېمەن دېھقانلىرىڭنىڭ چېھرىدىن بالقىيدۇ نۇر،
قولىدا كەتمەن، كىتاب، پەننىي ساباتىڭ ئۆزگىچە.

---

*جاھاننەما ــ تېلېۋىزور.

*گاڭ قانات دۇلدۇل ــ موتسىكلىت قاتارلىق قاتناش قوراللىرى.

سايلاردا «ئۆي» تۇتۇپ ئوينايدۇ بۈدرۈق باللار،
ئانىلار ئىشلەر خۇشال، غەيرەت ـ مادارىڭ ئۆزگىچە.

مەستخۇش ئەيلەر بۇ كۆكۈلنى ئەتىر گۈل، قوغۇن ھىدى،
ئوخشىغان قىز مەڭزىدەك ئالما ـ ئانارىڭ ئۆزگىچە.

جەننەتۇلمەئۋانى كۆردۈم، نەكىرەك باغ سەيلىسى؟
شوخلىنىپ قۇشلار ناۋا ئەيلەر، ھاياتىڭ ئۆزگىچە.

گۈل يېزام، ياشنا يەنە، شاد يايرىسۇن تەشنا كۆڭۈل،
مەھلىيا قىلدى دىلىمنى تەسراتىڭ ئۆزگىچە.

1985 ـ يىل 9 ـ ئاي



# دېمە 

نەپسىگگە ۋىجدان سېتىپ، نەپ تەگسىلا خوش ـ خوش دېمە،
چوڭغا قۇيرۇق ئوينىتىپ، پۇقرا يولۇقسا پوش دېمە.

«ھۆرمىتىم» دەيسەن خۇشامەتنى چىرايلىق پەردىلەپ،
مىق ساڭا مىڭلارچە كۆز، خەلقنى كور، بىھوش دېمە.

بىرنى ماختاپ ئۇچۇرارسەن ئايغا ئۆي ـ ساراي سېلىپ،
زەررىچە نەپ بەرمىسە پەسلەپ ئۇنى دەلدۈش دېمە.

بىر پىلىكسىز جىن چىراغسەن مۈگدىگەن، نۇردىن جۇدا،
پەرلىگەن ئەمدى بىكاردۇر، مەندە بار پەلكۈش دېمە.

بۇ يېڭى دەۋرانغا ئەمدى ئادىمي ئىنسان كېرەك،
روھى ئۆلگەن بىر تىرىكسەن «ئاھ، ئىسىت، ئەپسۇس!» دېمە.

1987- يىل 5- ئاي



# دىل ئازار

مۇشت - تاياق زەربىكى ئاندىن بەك ياماندۇر دىل ئازار،
خار - تىكەنسىز ئەۋرىشىم، زەھىرى يىلاندۇر دىل ئازار.

«دىل ئازار — تەڭرىم بىزار»، بىزگە بۇ ھېكمەت يادىكار،
ئادىمىي ئىنسانغا يات پەزلى قاۋاندۇر دىل ئازار.

دەرد ئېيتىپ كەلسە بىرى خانەڭگە، دوق قىلما ئاغا،
دىل سارايىن كۆمگۈچى ئاپەت بوراندۇر دىل ئازار.

ياخشى سۆز، ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئېسىل دەۋرانى بۇ،
ئەيلىسەڭ زەررە كىبىر، ئۇندىن ئاياندۇر دىل ئازار.

ئورنى ئوخشاش قەبرىدە شاھ ۋە گادايىنىڭ (پەرقى يوق)،
ئۆزىگە ھەم ئۆزگىگە زەخمەت - زىياندۇر دىل ئازار.

كەمتىرىن، شىرىن سۇخەن بول، تەختتە ئولتۇر ساڭمۇ گەر،
ئاق كۆڭۈل دانا ئۇچۇن مەنئى زۇۋاندۇر دىل ئازار.

كەل بۇرادەر ئۆم- ئىناقلىق جامىدىن چىقسۇن سادا،
كۆلكىمىز ئىسياندىن پەسلىڭ خازاندۇر دىل ئازار.

1987- يىل 6- ئاي



# سۈبھىدەم

زوق بېرەر قۇشلار ناۋاسى سۈبھىدەم،
ساپ ھاۋا تەنىنىڭ داۋاسى سۈبھىدەم.

گۈل ـ گىياھلار مەڭزىدە نۇر ئەڭلىكى،
بەرگىدە شەبنەم جۇلاسى سۈبھىدەم.

نۇر تۆكەر چولپان تەبەسسۇم ئىلكىدە،
ئۇ گويا يارنىڭ سىيماسى سۈبھىدەم.

كۆرۈنەر مەشرىقتە تاغلار سۈرىتى،
بېشىدا زەر تاج، لىباسى سۈبھىدەم.

ئەكېلەر ئالما ـ ئانار ۋە گۈل ھىدى،
ئەركىلەپ تاڭنىڭ ساباسى سۈبھىدەم.

ئويغىتار جانان يىگىتنى ئۇيقۇدىن،
قەلبىدە سۆيگۈ ـ ۋاپاسى سۈبھىدەم.

كۆكتە نۇر، سۇ ئىچرە نۇر، گۈلزاردا نۇر،
جىلۋىدار يەر ـ كۆك ئاراسى سۈبھىدەم.

باشلىنار يېڭى ھايات، ئەمگەك ـ چىلىش،
تۆكۈلەر ئامەت زىياسى سۈبھىدەم...

كەل، ئەي بۇلبۇللار، تۈزەيلى بەزمىلەر،
ياڭرىسۇن شادلىق ساداسى سۈبھىدەم.

1987- يىل 9- ئاي



# يالغۇز



يولۇقتى تۈن ئاراسىدا ماڭا ئول دىلرەبا يالغۇز،
چۇۋۇلغان چاچلىرى چىرماش، قۇچاقىدا بالا يالغۇز.

ئاناردەك يۈزى تىرنالغان، گىرىملەر ئورنىدا قان، داغ،
سۇنۇق باغرىنى چاك ئەيلەپ چىقار دەردلىك سادا يالغۇز.

ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم: بۇ تۈندە نەگە يول سىڭلىم؟
دېدى: ئۇ قوغلىدى ئۆيدىن نە قىسمەت، نە بالا يالغۇز؟...

دېدى ئول ئاجىزە يىغلاپ: قۇتۇلدۇم ئەمدى دوزاختىن،
ئارامگاھىم بۇ كەڭ دۇنيا، قاراڭغۇ تۈن دالا يالغۇز!

قاچانكى ئەمرىگە ئۆتتۈم، ئۇنى سۇلتان كەبى كۈتتۈم،
ئوتۇن، سەي ئۇنغىچە دائىم قىلىپ تەييار ئۇدا يالغۇز.

بىراق، ئۇ ھەر كۈنى توۋلاپ، كېلەر ئۆيگە ئىرغاڭلاپ مەست،
چاقار سىركاي، لېگەن ـ تەخسە، شۇ دەم ھوشتىن جۇدا يالغۇز.

بۈگۈنمۇ ئاشۇ ئىش تەكرار، چېقىلدى تېلېۋىزور، سائەت،
تاياقلار ياغدى باشىمغا، دېدىم مىڭ «ئاھ خۇدا» يالغۇز!...

بولالماي ئاخىرى چىقتىم قېچىپ زىندان كەبى ئۆيدىن،
بۇ تىمتاس كەڭرى ئالەمدىن تاپاي دەپ چىن ۋاپا يالغۇز.

تەبەسسۇم قىلدى يۇلتۇزلار، شامالىلار سۆيدى ساچىمنى،
پىچىرلاپ خۇش يوپۇرماقلار دېدى: كەل، مەرھابا يالغۇز.

دېدى شۇنداق، كېتىپ قالدى، ئۈزۈلگەن گۈل كەبى چوكان،
قاراڭغۇ تۈن ئاراسىدا سۆيۈپ مەڭزىن سابا، يالغۇز.

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال سۇباتلىق قىز ئىدىڭ گۈلدەك،
مېنى تارتقان گۈزەل ھۆسنىڭ گويا ئاھەنرابا يالغۇز.

سۆيۈشكە ئىنتىزار ئەردىم، بىراق يول بەرمىدى تەقدىر،
چۈشۈردى سېنى قىلتاققا، ماڭا ئەتمەي راۋا، يالغۇز.

ھاياتنىڭ يوللىرى شۇنداق، ئۈمىدسىز ئۆتمىگىن جانان،
سېنىڭدەك دىلرەبالارغا مېنىڭدەك جان پىدا يالغۇز!...

1991- يىل 1- ئاي





# دىل راھىتى

خۇش تەبەسسۇم بىرلە باققان كۆزلىرىڭ دىل راھىتى،
پاك ئەدەپ-ئەخلاق ۋە شېرىن سۆزلىرىڭ دىل راھىتى.

سەرۋى قامەت، گۈل بويۇڭدىن تالى مەجنۇنمۇ خىجىل،
سۈبھىدەك نۇر بالقىغان ئاي يۈزلىرىڭ دىل راھىتى.

ھەر قېتىم كەلسەم ھېرىپ قىزىق چېيىڭ تەييار ماڭا،
تەنگە دەرمان مەززىلىك نان-تۇزلىرىڭ دىل راھىتى.

ئېمىتىپ باغرىڭدا باقتىڭ، ئۆستى شاد پەرزەنتلەر،
چاقناۋاتقان شۇ ئۈمىد يۇلتۇزلىرىڭ دىل راھىتى.

جۈپ قولۇڭدا بولدى جەننەت ھويلىمىز-گۈلزارىمىز،
مول ھوسۇل ئالغان چۆنەك-ئېتىزلىرىڭ دىل راھىتى.

داستىخانغا تىزغىنىڭدا قورۇما، تۈرلۈك تائام،
ئاش كۆكى، كۆك مۇچ، كۈدە، يالپۇزلىرىڭ دىل راھىتى.

پەردە، ياستۇقلاردا كۆزنى چاقنىتار گۈل-كەشتىلەر،
جىلۋىدار رەڭدار بوياق-ئەنگىزلىرىڭ دىل راھىتى.

سەن ئۆيۈمدە ئاق ياقامغا زەررە كىر قوندۇرمىدىڭ،
تازا تۇتقان شۇ چېۋەر قول ئىزلىرىڭ دىل راھىتى.

سەن دېدىڭ: روھلان، ھاياتتا ئىشلىمەك چەكسىز بەخت،
ياشنىسۇن شۇنداق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىڭ دىل راھىتى.

1994- يىل 8- ئاي



# بۇلاق 

(«بۇلاق» مەجمۇئەسىگە بېغىشلايمەن)

نەۋ باھارنىڭ خىسلىتىدىن كۆز ئېچىپ ئاققان بۇلاق،
لەئىلە نۇر قۇچقان چىمەنگە ئۈنچىلەر قاتقان بۇلاق.

بالمۇسەن، زەمزەممۇسەن، ئابىھايات كەۋسەرمۇ سەن،
چاڭقىغان تەشنا يۈرەككە شەربىتىڭ ئاققان بۇلاق.

سۈلىرىڭنىڭ شىلدىرى ئوخشار يېقىملىق نەغمىگە،
دۇر- جاۋاھىرلار تېگىدە نۇر كەبى ياتقان بۇلاق.

بىخ يېرىپ نۇر سۆيدى تارىخ جۇدلىرىڭ كۆمگەن دەرەخ،
لالە - رەيھانلار سۈيۈگدە خۇش پۇراق چاچقان بۇلاق.

سەندە كۆردۈم نۆبىتى، لۇتفى، نەۋايى ئەكسىنى،
شائىرىڭ مەشرەپمۇ سەندە ئابرۇي تاپقان بۇلاق.

كۈنسېرى تاپتىڭ لاتاپەت، بويلىرىڭ ئۈز گۈلچىمەن،
مەيگە تولغان زەر قەدەھسەن بوۋىلار تۇتقان بۇلاق.

كېلسەن ئوقچۇپ، يۈرەكنى چۆمدۈرۈپ زەمزەم تامان،
بۇ سەپەردە چاڭقىغان دىللارغا زەپ ياققان بۇلاق.

ئاق يەنە، ئاققىن ئۈزۈلمەي، ئۈنچە ـ مەرۋايىت چېچىپ،
ساڭا قانسۇن ئۇسسىغان، دىل بەھرىنى ئاچقان بۇلاق.

1997- يىل 12- ئاي



# نەي ئۈنى



ئايدىڭ ئاخشام دىل ئارامى چىقتى دەسلەپ نەي ئۈنى،
پاتتى ھىجران مۇڭلىرىغا يارنى ئەسلەپ نەي ئۈنى.

ئاق لىباسلىق سايە كەلدى، ئەتىر بۇي چاچتى شامال،
بۇلۇت ئىچرە مۆكتى ئايمۇ، قالدى پەسلەپ نەي ئۈنى.

ئاقتى ئاستا دىلغا راھەت، بۇ يېقىملىق شوخ ئاۋاز،
كەتمىگىيدى شۇ جۇدالىق ئىچرە دەزلەپ نەي ئۈنى.

خۇش سابا ئۈپكەن چېچەكلەر دىل دېرىزەمدىن كىرىپ،
چىققۇسى پاك سۆيگۈدىن زەر ئۈنچە چەشلەپ نەي ئۈنى.

بولدى پەيدا يەنە شوخ كۈي - مۇڭ تۆكۈپ نازۇكقىنا،
يار پىراقى ئۆرتىگەن كۆڭلۈمنى بەزلەپ نەي ئۈنى.

تارىخىڭ بار بەك ئۇزاق، شاھىت بوۋامنىڭ نەزمىسى،
يەنە ئۈنلە تۈگىمەس ئىشقىڭنى سۆزلەپ نەي ئۈنى!...

1998- يىل 8- ئاي

# مېنىڭ تويۇم



تونۇشۇپ قالدىم گۈزەل جانان بىلەن،
ئۆتتى كۈنلەر مەنىلىك جەريان بىلەن.

مەن ئاڭا كۆيدۈم، ماڭا بەردى كۆڭۈل،
بىز شۇغۇللاندۇق ئىلىم - ئىرپان بىلەن.

رىشتىمىزنى چاتقىنى پەن - مەرىپەت،
شەرت قويۇشتۇق بىر گۈزەل نىشان بىلەن.

ئويۇن - تاماشا بىلەن دوستلاشمىدۇق،
بەلكى ئىشرەت ياكى جىن - شەيتان بىلەن...

توي قىلىشنىڭ پەيتىمۇ كەلدى يېتىپ،
كۈلدى جۈپ تويلۇق سۈرەت ئارمان بىلەن.

ئىككىمىز تويلۇق ئۈچۈن چىقتۇق خۇشال،
رەستىگە ئون مىڭ يۈەن ھەميان بىلەن.

كۆردۇق نەچچە خىل تاۋار ئالتۇنغىچە،
قىز تېخى ئاچماس ئېغىز پىنھان بىلەن.

مەن دېدىم : مال يوقمىكەن ئەرزىگۈدەك،
ھېچ سادا چىقمايدىغۇ پەرمان بىلەن ؟!

مەيلى، قوي قانداق تەلەپ، تەييارغۇ مەن،
چىقتىم راست خېلىلا چوڭ پىلان بىلەن!

قىز دېدىكى : مەن ئەمەس جانسىز تاۋار،
ساتقىلى يا تەڭ قىلىپ ھايۋان بىلەن.

جۈپ ئۆتۈش ئىنسانغا بىر قانۇنىيەت،
توي قىلىش لازىم ماڭا ۋىجدان بىلەن.

سەندىكى مېھرى ۋاپا تويلۇق ماڭا،
ئىككىمىز ئۆتسەك ئىناق خەندان بىلەن.

شۇ كۇپايە، ئۆزگىسى لازىم ئەمەس،
ئەتىمىز ئۆتسە گۈزەل دەۋران بىلەن.

قىزغا مەن تۇتتۇم ئېسىل بىر جۈپ ئۈزۈك،
دوپپا تۇتتى ئۇ ماڭا ئېھسان بىلەن.

توينى شاد تەبرىكلىدى دوستلار كېلىپ،
نەچچە ئۆيلۈكلا يىغىن مېھمان بىلەن.

ئۆزئارا ھۆرمەت مۇھەببەتنىڭ ئۇلى،
سۆيگۈمىز تەڭدۇر دېڭىز- ئوكيان بىلەن.

ئەر- خوتۇن خۇش ئۆتمىسە ھەممە بىكار،
قىزغا مىڭ ئالتۇن جالا ئاسقان بىلەن...

ئۆتسىمۇ توي مەرىكىمىز ئاددىي بىراق،
شاد- خۇراممەن خۇددى ھۆر - غىلمان بىلەن.

1998- يىل 5- ئاي



# تتمہ خمسہ

# تۇرغۇن يىلتىز غەزەللىرىگە تەخمىس*



## كەلسە

ئېچىلغاي گۈل كەبى كۆڭلۈم، كۈلۈپ دوستانە مەرد كەلسە،
تەسەللى بەخش ئېتىپ دىلغا، كۆتۈرگەي بىللە دەرد كەلسە،
سېغىنسام شۇڭا دوستۇمنى، تىلەيمەن: ساق-سەھەت كەلسە،
خۇشاللىق ئىلكىدە كونۋېرت ئاچارمەن يېڭى خەت كەلسە،
ئىچىم تىت-تىت بولۇر ئەپسۇسكى خەت ئىملاسى سەت كەلسە.

سېنىڭدىن كەلسە يوللانما، ئوقۇپ ئوغلۇمغا سۆككۈزدۈم،
بۇنىڭدىن ياخشى ئىبرەت ئال دېدىم، ئۇز خەتكە كۆچكۈزدۈم،
يېزىپسەن «ياخشى» نى «پاخشى»، بۇنى ئۆزۈڭگە يەتكۈزدۈم،
ئەزىز دوستۇم، ئەنە شۇنداق تالاي كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم،
خېتىڭ مەزمۇنىنى بىلمەي يۈرۈپ، ئىملا غەلەت كەلسە.

---

* تەخمىس — ئارۇز ۋەزنىدە يېتۈك شائىرلار ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان، ئىككى ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىدىغان ئالاھىدە شېئىر شەكلى. مەلۇم شائىر يازغان غەزەلنى ئىككىنچى بىر شائىر زوقلىنىپ تاللىۋالىدۇ-دە، ئەسلى غەزەلنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى ئۈستىگە ئۈچ مىسرادىن قوشۇپ، ھەربىر كۇپلېتنى بەش مىسرادىن قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ. شائىرلار غەزەل ئاپتورىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، پىكىرداشلىقنى ئىپادىلەش، شېئىر مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ شەكىلنى قوللىنىدۇ.

چېكىت، پەش، ھەمزىلەر گويا چېچىلغان لاۋا- لەش ئوخشاش،
كۆرۈندى گاھى قامغاقتەك ۋە بەزى يۆگىمەچ ئوخشاش،
يىغىلدى كۆپ لىپاپ ئارپا كېپەك قات - قات كۆمەچ ئوخشاش،
خېتىڭ ئىرماشۇچىر ماش، ئازمىغا قويغان بۆگەچ ئوخشاش،
بېسىپ قويدۇم تىزىپ ئۇستەل ئىچىگە ھەر نۆۋەت كەلسە.

سېنى تەنقىدلىسەم، شۇندا ئۆزۈڭنى سانىما مەغلۇپ،
بىلىمگە ساختىلىق، قېيداش نادان، تەنتەككىلا مەنسۇپ،
يېپىش نۇقسانىنى، چىن دوستلۇق ئارا چۈشكەن مىتە - مىكروب،
بىراۋغا چېچىلىپ دەپسەن: ماڭا ئۇ يازمىدى مەكتۇپ،
بولۇرمەن بەك خاپا سەندىن ئاشۇنداق ئەرزىيەت كەلسە.

چىرايلىق خەت گويا يامغۇر سۈيىدە ياشنىغان گۈلزار،
ئاڭا باقسا كۆڭۈل تويماس، زېھنىلەر چارچىماس زىنھار،
ئوماق خەتلەردە ئاشىقلار مۇھەببەت ئەيلىشەر ئىزھار،
سېنىڭ سەت خەتلىرىڭدىن دوستلىرىڭمۇ ھەم ئىكەن بىزار،
پىسەنتكە ئالمىغانسەن دوست- ياراندىن نەسىھەت كەلسە.

ئۇمىدلەردىن شاراب تۇتسام، يوقاپ كەتتىڭ ئاداش جىملا،
ساڭا مەن سۆزلىدىم سەتلىك، گۈزەللىك ھەققىدە لىللا،
بېشىڭنى چۆمكىبان ياتتىڭ، ئىشىك - تۈڭلۈك ئېتىپ ھىملا،
پوچىر كاڭ سەتمۇ، ئۆز، بىلكى كۆڭۈلنىڭ سايىسى ئىملا،
بولۇرسەن تېخى بىر خەتتات دىلىڭغا چىن نىيەت كەلسە.

چىرايلىق خەت تىبرەن مەنە بىلەن ئوخشار چىنارىمغا،
ئەيىبتىن قۇتۇلۇش باغلىق سېنىڭ ئۆتكۈر چىدامىڭغا،

تىلەيمەن قۇت، زەپەر، سەنئەت يولىدا ئات چاپارىڭغا،
كۆرۈپ دائىم ئوسال خەت، چۈشىمسۇن قورۇق چىرايىمغا،
كۆلەي سەندىن چىرايلىق خەت يېزىلغان يېڭى بەت كەلسە!

2003- يىل 4- ئاي

# ئوخشاپتۇ

قۇلاققا ئاسقىنىڭ ئاچقۇچ، پىچاق ئاسقۇمغا ئوخشاپتۇ،
كۆتۈرگەن كۆكرىكىڭ لومشۇپ دېڭىز - دولقۇنغا ئوخشاپتۇ،
بويالغان قىسقا ساچىڭ ھەم قىزىل يالقۇنغا ئوخشاپتۇ،
جانانىم، زاكىتا قاپلاتقان چىشىڭ ئالتۇنغا ئوخشاپتۇ،
چىرايىڭدىن تورۇپ تۇرغان ئۇپا ئاق ئۇنغا ئوخشاپتۇ!

قېشىڭنى بىر ئىلىك يۇتكەپ نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ،
يەنە قانماي ئۇلاپ كىرپىك، قۇلاققا تۆت تۆشۈك تەشتىڭ،
بىلەلمەي سورىغۇم كەلدى: مۇشۇمۇ تاللىغان كەسپىڭ؟
بويۇڭغا خوپ ياراشقان توم چېچىڭنى نە ئۇچۇن كەستىڭ؟
بېشىڭ قىسقا چېچىڭدىن خۇددى توك قوغۇنغا ئوخشاپتۇ!

كۆرۈرمەن دەل سېنى دائىم كىيىم بازارى ــ ئوك- سولدا،
تاقىلداپ ماڭغىنىڭ ماڭغان، كىيىم چامدانى بىر قولدا،
ئەجەب پەشتاقتا تۈز ماڭدىڭ، يۈرەر سەن پۇتلىشىپ يولدا،

كىيىملەرگە قاراپ تويماي، يىقىلدىڭ نەچچە رەت يولدا،
تاقاپ ئالغان كۆزەيىنەك بىر بۇزۇق دۇربۇنغا ئوخشاپتۇ!

كۆكەرگەن يۈز-كۆزۈڭ،ئاھ،يەپ تاياق،نەدىن قىچىپ كەلدىڭ؟
ئاتاڭ ھاكچىمىدى، ئەپسۇس، يۈزۈڭگە ئاق چىچىپ كەلدىڭ،
ياقاڭ شۇنداق تىكىلگەنمۇ، ئىگىز مەيدەڭ ئىچىپ كەلدىڭ،
لېۋىڭدە توق قىزىللىق بار، قەيەردىن قان ئىچىپ كەلدىڭ؟
شۇ ئون بارماقىڭ ياققان شوخ خىنەڭمۇ خۇنغا ئوخشاپتۇ!

بويۇڭغا باقسىلا ھەركىم، ئەجەب قاپتۇ چىنىپ دەرلەر،
ئۈزۈڭ چەككەن شۇ مەڭلەرنى قويۇپتۇ كۆپ چېكىپ دەرلەر،
كىچىكلەرنى زىغىر- زاغۇن، چوڭىنى ماش، چىگىت دەرلەر،
سېنى كىم كۆرسە ئارقاڭدىن، ئىكەن نازۇك يىگىت دەرلەر،
شۇ ئانلا كۆرسە ئالدىڭنى، دېگەي مايمۇنغا ئوخشاپتۇ!

سېنىڭ ئاشۇ سىياقىڭنى يەنە كۆرمەككە يوق سەۋرىم،
بۇنى ئاڭلا، نومۇس بىلگەي بۇ رەسۋا مودىنى دەۋرىم،
خۇنۇكلۈكنى كۆرۈشمۇ بىر ئازاب ئىشكەنجۇ، ۋاي دەردىم!
سېنىڭ بىرلە تالا- تۈزدە يۈرۈشكە قالمىدى مەيلىم،
سەۋەب: تۇرقۇڭ غەلىتە، سەت، ئوسال مەزمۇنغا ئوخشاپتۇ.

بۇنى بىلمەك كېرەك ئەسلى، بولۇر تۇرمۇشتا سەۋەنلىك،
ئوسال- سەتلىكنى ھەرگىزمۇ گۈزەللىك قىلمىغاي بىرلىك،
گۈزەللىك يار ساڭا ھەردەم ئۇدۇم بولسا سەممىيلىك،

جانانىم، بىل گۈزەلسەن، ئەمما سەتلەشتۈردى سۈنئىيلىك،
گۈزەللىك ئىزلىمە، ئۇ سەندە، قەلبىڭ كۆنگە ئوخشاپتۇ!...

2003- يىل 4- ئاي

# كەتتىلە

چاقچاقتا دوستۇم ئاغرىنىپ، جانسىز- مادارسىز كەتتىلە،
ئاغرىققا قىلماستىن سەۋەب، دورا- داۋاسىز كەتتىلە،
روھ قۇشلىرى ئۆلدى، بىراق جىمجىت، هازاسىز كەتتىلە،
ئاغىنىدارلىق بابلىرى يۇتمەي ئاداسىز كەتتىلە،
ئاق بەت ئەقىدە قەدرىنى بىلمەي ۋاپاسىز كەتتىلە.

پات- پات قارايلا ئارقىغا مەستتەك، ئەلەڭشىپ كۆزلىرى،
كاللىغا تاش تەگكەن كەبى تامدەك ئاقارغان يۈزلىرى،
چاقچاقنى بەك سەت بۇلغىدى ئەۋرەز هىدىدەك سۆزلىرى،
باشلاپ بەلەن چاقچاق، كېيىن سەكرەپ چىچاڭشىپ ئۆزلىرى،
باش ئاغرىتىپ سۆزلەپ ياۋا، بەلكى هاياسىز كەتتىلە.

چىن مەردكە خاس چاقچاق دېگەن، مەنىسىدىن زەررەت تارار،
سۇخەن پىرى ـــ چاقچاقچىلار ئەل ئىچىدە ئىززەت تاپار،
چاقچاقنى بىلمەسلەر سورۇندا سىلىدەك لەتكە قالار،
دەرسى بۆلەك چاقچاق دېگەنىنىڭ، چىدىغان لەززەت ئالار،
داغلاپ يۈرەكنى لەختە ئەيلەپ، تۇتىياسىز كەتتىلە.

بۇ كوچىدا بولغان سىلى سەرسان قۇراق دەپتەر بىلەن،
قۇراشتۇرۇپ نەس يازمىلارنى پەردازلاپ ئەستەر بىلەن...
مەن يۆلىگەنغۇ سىلىنى، بولغاندا يەكسان يەر بىلەن ؟!...
ئۇل راسلىسام دوستلۇق بىناسىغا ئىشەنچ، قان - تەر بىلەن،
ئۇششاق شىبغىل قوشماقتا يوق، پىنھان، جاپاسىز كەتتىلە.

چاڭقاپ ئۆلەي دىگەندە، مەن بەرگەن چۆگۈن ئۇنتۇلدىمۇ ؟
ئىلمان چىدىرغا يەتتىلە، چاپقۇن - جۇدۇن ئۇنتۇلدىمۇ ؟
قان - ياش تۆكۈپ يەشكەن ماڭا دەردلىك تۈگۈن ئۇنتۇلدىمۇ ؟
خاس باغلىرىغا چۇشكىنى ئاپەت، بۈگۈن ئۇنتۇلدىمۇ ؟
خالىس بولۇپ باغۋەن ئەجىر تۆكسەم، ساداسىز كەتتىلە.

قان - تەرلىرىمنى ئايىماي، دوستلۇق ئۈچۈن سوققان يۈرەك،
تەقدىم قىلىپ جەۋھەرلىرىمنى، تىلىبان ئوتلۇق تىلەك،
پەرۋىشلىرىمدە ئەمدىلا ئاچقاندا باغ شوردا چىچەك؛
ئىتىزلىرى تۇتقان خەمەكلەر كەم ئىدى، ھەتتا پۇچەك،
ئىگىلگىلى شاخ - شاختا ئاز مىۋە، جۇلاسىز كەتتىلە.

بىلمەپتىمەن، نەپكە ھىرىسكەن، توۋا، دوستىنىڭ بەزىسى،
تەۋە ئىكەن ئۆزىگە ماڭغان - تۇرغىنىنىڭ ھەممىسى!...
بولماس نىيسىپ ئۇنداق كىشىگە مەڭگۇ دوستلۇق سەھنىسى،
لۇغەتلىرىدىن ئۆچتىمۇ ۋىجدان - ساداقەت مەنىسى،
ۋىسال قۇشى پەرۋازىغا ئاسمان - ساماسىز كەتتىلە.

تەھرىرلىسەم ماز يازمىلارنى ئۇيقۇ شىرىندىن كىچىپ،
ژۇرنال - گىزىتكە چىققىنىدا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ،

«شائىر مانا مەن!» دەپ يوغان سۆزلەيتتىلە شالە چىچىپ...
ئىجادىيەت گۈلزارلىرىغا باقسىلا كۆزنى ئېچىپ،
ئىچرە ئىزىم ئازمۇ؟... تىلەكلەرگە پىداسىز كەتتىلە.

ئاقىل ئىشىدۇر ئۆز گىنى ھەم ئۆزىنى ئاسراش ـ ئاياش،
كەمتەر، ئەپۇچان دىلغا ھېچ يەردە ئەمەستۇر كەم قاياش،
دوستلۇق بۇزغان كىشى پايىغا كېرەك يانتاق قاداش!...
لوقمان ئىدى ئىنسانغا دوستلۇق يىلتىزى، ئەپسۇس ئاداش،
رەڭ تاللىيالماي كەتتىلە، خەير ـ خوش، ساپاسىز كەتتىلە!

2003- يىل 3- ئاي

# بولمىسۇن

دوستقا ياپقان شاھى تون دۈشمەنگە قالقان بولمىسۇن،
سالغاي ئالدام خالتىغا، يەلكەڭدە ئالقان بولمىسۇن،
جەۋھىرى دۇردانىلەر دەرياغا تالقان بولمىسۇن،
بەك ئاسان گەپنى دېمەككە، ۋەدە يالغان بولمىسۇن،
تىلنى يىغ، سۆزلە يۇرەكتە، رىشتە ۋەيران بولمىسۇن.

زەپ بۈيۈك زىننەت قۇياش، يۇلتۇز ۋە ئاي ئالەم ئۈچۈن،
نازۇنېمەتلەر زۆرۈر مول داستىخان ئايەم ئۈچۈن،
ھەق، دىيانەت، پەن- بىلىم ئەۋزەل ئۇلۇغ غايەم ئۈچۈن،
لەۋزىدە تۇرماق پۈتۈن بۇرچتۇر تىرىك ئادەم ئۈچۈن،
مەيلى كۈندۈز ياكى تۈن ئالدىڭدا تۇمان بولمىسۇن.

سىر بېرىپ ھەر كىمگە سەن ئەل ئىچىدە بولما ئادا،
گەپ ئوغرىلاپ شۇم رەقىب قۇيرۇقىنى قىلغاي خادا،
دىلغ قۇلاقلار سىرلىرىڭنى ئەپقاچار بەرمەي سادا،
دىل دېرىزەڭنى تاقا، دەرۋازىنى ئاچما خاتا،
خەلقىئالەم ئالدىدا سىر مۈلكى پايخان بولمىسۇن.

ئىشىنەمسەن، يارىتىلغان ھەقنى سۆزلەشكە تىلىم،
ساختىلىقتىن خالىي دوستقا مەڭگۈ سادىقتۇر دىلىم،
چىن ۋاپادار ئالدىدا ھېچ ئەرزىمەيدۇ پۇل - مېلىم،
ياق دېمە، جىسمىڭ تېنىم، بارلىق بىساتىڭدا قېنىم،
بول قەيەردە، دۈشمىنىم خانەڭدە مېھمان بولمىسۇن.

ياكى بىلگىن شۇم رەقىب، يا چاغلا ئادىل، ئاق مېنى،
ياكى بىل ئالدامچى، شەيتان، يا غېرىب ئاقساق مېنى،
بىر گېپىم بار، ئاڭلا دوستۇم، قىلمىغىن ئەخمەق مېنى،
تۇيغۇلاردا پاك مېنى، مەيلى چاياندەك چاق مېنى،
چىن ئەقىدەم پاقلىنى چۆللەردە سەرسان بولمىسۇن.

بىل شۇنى، ھەر كىم ساڭا خۇشخۇي ئوماق، تەمكىن ئەمەس،
بەزى بار چاپقۇن- بوران، دائىم سىلىق سەلكىن ئەمەس،
سەن دېسەڭ بۇلبۇل چىرايلىق، قاغىدەك ئەركىن ئەمەس،
يولنى ئەل تۈپتۈز دېمەس ھەم تۈزلىمەك مۇمكىن ئەمەس،
ماڭمىقىڭ شاد، گاھى تەس، مەنزىلدە شەيتان بولمىسۇن.

مەيلى بول ھاكىم يا دوكتور، مەيلى ئەلنىڭ چاكىرى،
مەيلى بول زالىم رەھىمسىز ساختىلىقنىڭ ساھىرى،

ياكى سەن زۆھرە خېنىمنىڭ بول ۋاپادار تاھىرى،
ئەي دىلىمنىڭ ماھىرى، بار ھەممە ئىشنىڭ زاھىرى،
بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرى ئاچچىق پۇشايمان بولمىسۇن!...

2003- يىل 4- ئاي، قاراقاش



# نۆبىتى غەزىلگە تەخمىس

دەۋرىمگە نۇسرەت ئىقبال ئەت خوتەننى،
دىللارغا زوق - ئىلھام لال ئەت خوتەننى،
پەرىلەر ھۆسنىگە جامال ئەت خوتەننى،
رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.

قوينۇڭ تار بىئىنجا لەنتىلەرگە،
گۈلباغسەن ئەمگەكچان جۇرئەتلىلەرگە،
ۋىسالگاھ ئوت يۈرەك پەرھادىلەرگە،
ئايا رەب، بىتەمۇغ جەننەتلىلەرگە،
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت، خوتەننى.

خاكىڭدىن بالقىيدۇ قۇياش شولىسى،
قاشتېشى، يىپەكلىك جانان سوۋغىسى،
گىلىمىڭ زەرناياب تۇپراق تۇغمىسى،
خۇجەستە خاكى رەھمەت سۇرمىسى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.

تاغ - دەريا، ئېكىنزار، نەزمە شېئىردۇر،
سېنى باغ ئەتكەنلەر پەرھاد - شېرىندۇر،
سەن شۇنداق خىسلەتلىك گۈزەل زېمىندۇر،

پەرىلەر بۆسەسى تۇرفە شىرمىندۇر،
هۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.

سەنئەتۇ نىمەتكە تولغان هەر بەندەر،
نۇر ئىچرە گۈل - چىمەن، لالە جىلۋىگەر،
سەندەدۇر پاك، خۇشخۇي هۆر، پەرى- پەيكار،
تەلئەتكە خۇرشىد، كۆزلەرگە ئەختەر،
يادەڭ قاشىغا ھىلال ئەت خوتەننى.

خەلقىڭ ئەمگەكچان، راستچىل سەممىي،
بىرنى بىر دىبان، كەم دەر كىمىنى،
ئىگىلمەس كۈچلۈككە، سەنلەپ سەببىنى،
چىقسا نەسىمى، كىلۇر شەمىمى،
لەيلى بويىغا دال ئەت خوتەننى.

زەر تۇپرىقىڭ قاشتىشى، ھىقىق،
نان - تۇزۇڭ قۇۋۋەت، ھاۋاڭ ساپ ئىللىق،
كەلگۈسۈڭ پارلاق بولغاي بىتەھقىق،
بەرسە قادىرىم بەختىڭگە تەۋپىق،
قۇربىڭگە قۇدرەت كامال ئەت خوتەننى.

شەھرىڭ ئاجايىپ قەد كەردى مەغرۇر،
ئادەملەر خۇلقىدىن تەپچىيدۇ غۇرۇر،
گۈلشەن رەستىلەر دىللارغا ھۇزۇر،
گۈلىستانى ئىرەم بولسۇن تەھەييۇر،
ئۇنىڭغا نەۋرەس - نىھال ئەت خوتەننى.

شەرمى ھامى شىرىن سۆزىگە،
ھايا زىننەت شەھلا كۆزىگە،
ھېچ تەمەننا قويماس ئۆزىگە،
قاندۇر بىھاجەت لالە يۈزىگە،
قىزىللىق قىزاچۇن ئال ئەت خوتەننى.

سەندە ئىرپان ئەھلى ماھىروي،
قولىدا كىتاب، دىلىدا تىرەن ئوي،
بىلىم ئىشقى گويا ئۈنسىز كۈي،
مۇئەللىمى ئاپاق بىنشىن سۇخەنگۇي،
تىفلىگە دەرسى - ماقال ئەت خوتەننى.

ئۆتتى تاغ سۈيىدەك ياشلىقىم چاغى،
يۈيۈلۈپ دەمبەدەم دىلىنىڭ كىر - داغى،
بۇلبۇلدەك سايرىدىم، ئۇر كۈدى زاغى،
ئى جاھان شائىرى، گۈلشەنى باغى،
خەمسەگە قۇدباش ئىتتال ئەت خوتەننى.

ئىلھاملار قوشساڭمۇ زەۋقىم سىلىگە،
ئالالماي زىكرىڭنى ھەقلىق تىلىگە،
بەك ئەپسۇس، رەھىمى پاتتى ھىيلىگە،
سەن ھەم نۆبىتى سىياھروي ئىلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.

2003- يىل 5- ئاي

# ھەجۋىيلەر

# ئۈششۈگەن ياپراق



ئاق خوتۇن، ئاپئاق خوتۇن، قايماق خوتۇن،
كۆزلىرى جادۇ- سېھىر، ئويناق خوتۇن،
قارا تۇرمەل چاچلىرى پاخپاق خوتۇن،
ساراپانى ئۆزگىچە، نايناق خوتۇن،
نازلىنىپ مېڭىشلىرى «تاق - تاق» خوتۇن.

كىيسە ئۇ ھال رەڭ شىلەپە يارىشار،
غادىيىپ پىكاپىقا ئوبدان جايلىشار،
باشقىلار «چەت ئەل قىزى» دەپ قارىشار،
يەنە ئۇششاق باللارمۇ مارىشار،
قارىماڭلار، ئۇ ئۆزى مۇنداق خوتۇن:

«ناز خېنىم» دەيمىز ئۇنى، تۇخان ئەمەس،
«ياش تېخى يىگىرمە» دەر، يوغان ئەمەس،
«ئۈچ ئۇكام بار» دەيدۇ، «مەن تۇغقان ئەمەس»،
«ئانا!» دەپ چاقىرسا ئۇ، ئۇققان ئەمەس،
بالىسىدىن تانغىنى قانداق خوتۇن؟!

ياش يىگىت - قىزلارغا ياندىش ئەسلىدىن،
كەتسىمۇ ياشلىق غۇرۇرى بەستىدىن،

يورغىلاپ كىرمەيدۇ ھەتتا رەستىدىن،
ئۆزىچە مەغرۇر لاتاپەت دەستىدىن،
ھەر قەدەمدە چاچ تۈزەر ئاۋاق خوتۇن.

ماڭىدۇ بىر ئالدىراپ، بىر ئاستىلاپ،
بەزىدە تولغايدۇ بەل پاتۇرۇشكىلاپ،
چۈشمىگەچ بىر پەدىگە ھالى خاراب،
ئاخىرى تېز- تېز مېڭىش قالدى ياراپ،
كەلسىمۇ تاخلار سىلىق پەشتاق، خوتۇن.

لېۋىدە كۈلكە - تەبەسسۇم ناز قىلىپ،
يەتكۈچە ئارتىس كەبى پەرداز قىلىپ،
يەر ئەمەس، كۆكتە گويا پەرۋاز قىلىپ،
ماڭغىنىدا مودىنى ئەنداز قىلىپ،
خەق قاراشتى چىشلىشىپ بارماق، خوتۇن!

ئۇچرىغاچ يولنىڭ چېتىدە ئاشنىسى،
تېز مېڭىشتا كەتتى ئاجراپ پاشنىسى،
نۆلگە تەڭ بولدى تاراقلاپ قاتنىشى،
لىڭگىپاي مۇمكىنمۇ ئەمدى قاچمىشى،
بوغدى يولدا سېنى قىل سىرتماق، خوتۇن.

قامىلىپ قالدى كۆرۈنمەس ھەپسىدە،
تويدى جاق رەسۋاچىلىقنىڭ دەستىدە،

جىلۋە ـ ناز ئۆچۈپ نازاكەت بەستىدە،
سولدى ھەم ھەشقىپىچەكتەك لەسسىدە،
بولدى بۇندا خەس، توپا ـ تۇپراق، خوتۇن.

بولدىشى باش تەتقىقاتچى ئىنژېنېر،
يوق ئۇنىڭدا قىلچە مەغرۇرلۇق، كىبىر،
تەتقىقاتلار ئىشلىگەچ ئۇ بىر مۇ بىر،
ئىككى ـ ئۈچ ئىلمىي كىتاب قىلدى نەشر،
بولمىدى قىلچە ئاڭا خۇشۋاق، خوتۇن.

ئەكسىچە ھەر كۈن چىقاردى ئۇ جېدەل،
ئىنژېنېر بىرلە ئېلىشتى بەلمۇبەل؛
قائىدە سۆزلەپ بولالماي دەلمۇدەل،
ئىنژېنېر كەتتى قېرىپ ھەي، بىمەھەل،
سۆزگە كۆنمەس، ئېرىگە يانغاق خوتۇن.

ماڭسا ئەر خىزمەتكە، دەيدۇ :«ئويىنىدىڭ،
شۇ ئېسىل پىكاپقا زادى تويمىدىڭ،
يا مېنى بىللە بېرىشقا قويمىدىڭ،
مېنى تاشلاپ ئۆي ئىشىغا كۆيمىدىڭ...»
ياقا سۆرەپ ئېسىلار قامغاق خوتۇن.

ئۈچ بالاڭنى باقمەن كىر ـ قات يۇيۇپ،
ئاش ئېتىپ، نان ياقمەن تەرلەپ ـ كۆيۈپ،

بۇ ئۆيۈگىنىڭ ئىشىدىن كەتتىم تويۇپ ،
سەن ئىگە تەييارغا ، خوش ، بىكار يۈرۈپ ،
ھەر كۈنى كايىپ كېتەر شاقشاق خوتۇن .

نەچچە كۈن تەجرىبە ئىشلەپ ئىنژېنېر ،
بىر يېڭى تېخنىكا بىرلە ئاچتى سىر ،
ئۇ شۇ دەم بۇ كەشپىياتقا بوپ ئەسىر ،
يازىدۇ نەتىجىنى قىلماي تەخىر ،
نېمە قىلدىكىن بېشى قايغاق خوتۇن !...

ئىنژېنېر ئىشلەپ تازا تالدى بېلى ،
ئۆز ئىشىدىن كۆڭلىمۇ رازى خېلى ،
ئۈچنى تۈن كۆرسەتتى سائەتنىڭ تىلى ،
سوۋۇغان تاماقنىمۇ خالار گېلى ،
بەلكى قويغاندۇر ئاتا تاماق ، خوتۇن .

تۈنۈگۈن پىكاپتا بىللە خوتۇنى ،
«ئوينىغاچ» پەسلەپمۇ قالغان جۇدۇنى ،
ئەمدى بەس ، تويماس شۇ كونا ئۇدۇمى ،
ئىنژېنېر ماڭدى پەرەزلەپ مۇشۇنى ،
تېز ئىشىكنى ئاچقۇسى ئويغاق خوتۇن...

شۇ خىيال بىرلە ئىشىكنى قاقتى ئۇ ،
«ناز !... ناز !» دەپ نەچچە تووۋلاپ باقتى ئۇ ،

قىپ ئامال ئاخىر ئىشكنى ئاچتى ئۇ،
كىردى- دە، ئاۋۋال چىراغنى ياقتى ئۇ،
ئولتۇرامدۇ باتىنسا ياتقاق خوتۇن!

قاتمۇقات كۆرپە سېلىپ ئۇخلار ئايال،
ۋە لېكىن ئۆي ئىچىدە باشقىچە ھال،
ياتىدۇ پولدا كىچىك ئوغلى بىلال،
يۈزىدە قان داغلىرى، ھەي، ئىسىت ئۇۋال!
نە گۇناھ قىلدى سەبىي بوۋاق، خوتۇن ؟!...

بىر تەرەپتە بەش ياشلىق قىزى زىلال،
بىر بۇلۇڭدا يەتتە ياش ساھىبجامال،
ئۇخلىشار شۇ ئۇيقۇ بەرگەندەك ئامال،
ھەر تىنىقتىن ئاڭلىنار كۇلپەت، قامال،
ئادىتىڭمۇ بالىنى ئۇرماق، خوتۇن! ؟...

تۇرىدۇ ئاش - سەي شىرەدە چېچىلىپ،
تەخسىلەر ھەم چىنە - چەينەك چېقىلىپ،
كۆزىگە قاراڭغۇ مۇدھىش تىقىلىپ،
ئىنژېنېر كېتەتتى تاس - تاس يىقىلىپ،
قىلىۋەتتى نېرۋىنى توزغاق، خوتۇن!!!

ئىنژېنېر بۇ ئىشقا بەرداشلىق بېرىپ،
بالىلىرىنى سۆيدى قۇچاققا ئېلىپ،

ياتقۇزۇپ ئۇلارنى يۇمشاق جاي سېلىپ،
تىندى كۆڭلى نەرسىلەرمۇ رەتلىنىپ،
بارمىدۇ سەندەك «رېكورت» بۇزغاق خوتۇن!؟

كۆڭلى غەش، كارىۋاتقا ئۇ يانپاشلىدى،
ئويغىنىپ ۋات-ۋات خوتۇن گەپ باشلىدى،
«بەر سۆزۈمنى!ــ دەپ قوپۇپ كۆز ياشلىدى، ــ
سەندىكى ئۇنۋان ماڭا ئەسقاتمىدى...»
ئەيلىدى ئۆينى شۇدەم دوزاخ، خوتۇن!

ئەڭلىنى كىيدى ئۇسال سۆزلەپ راۋان،
ئېرىگە تاشلاندى دەل گويا قاۋان،
ئولتۇرار ئەر تېخىچە سۇرمەي زۇۋان،
سۆزلىگەنگە تەربىيە ئالغان قاچان؟
قويدى ئەرگە شەرت، سوراق، تۇزاق خوتۇن:

«نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ ھەي جاناب،
قايسى باغچا، كوچىلاردا ئىز ماراپ،
تانسىلاردا كىمنى قىپ تەزىم-تاۋاپ،
ئويىندىڭ كىملەر بىلەن، بەرگىن جاۋاب؟...»
شۇ تەرىزدە قايىندى ئۇزاق خوتۇن.

«تەگكىنىمگە مىڭ پۇشايمان دۆتكىمۇ،
باشقا كادىر باقتى غاز، قوي-ئۆچكىمۇ،

رەستىلەردە ئاچتى تەنزە ـ بوتكىمۇ،
يەتتى ھەتتا دۇكىنى ئۈچ ـ تۆتكىمۇ،
ئويىنىدىڭ سەن، مېنى قىپ مازاق خوتۇن!»

توختىماي ئېرىنى شۇنداق تىللىدى،
ياخشىلارنى قىلچە ئۆرنەك قىلمىدى،
سەۋر قىپ گەپ قىلمىغاننى بىلمىدى،
تاڭ ئېتىپ خورازمۇ ئاخىر چىللىدى،
بولدى باشقا خۇددى «ئۇر توقماق» خوتۇن.

قاينىغاچ ساراڭ خوتۇننىڭ تەلۋىسى،
ھويلىنى چىپ ئالدى غوۋغا ـ غەلۋىسى،
بۇزۇلۇپ ئەرنىڭ نېرىپلار رەزبىسى،
ياتقۇزۇپ قويدى بىھوشلۇق زەربىسى،
بىز دېسەك «روھ قاتىلى» خوپراق خوتۇن!...

پۇت ـ قولى تىترەپ خوتۇننىڭ سىرقىراپ،
ئۇشبۇ ھالدىن سالدى«ۋاي داد!» چىرقىراپ،
ئۈچ گۆدەك يىغلاپ دادام! دەپ ۋارقىراپ،
قوشنىلارمۇ كىردى ھەيران پىرقىراپ،
ئەمدى لازىممۇ ساڭا قاچماق، خوتۇن ؟!...

ھەر تەرەپتىن ئوق كەبى ياغدى سوئال،
ئىنژېنېرغا قاي كېسەل سالدى قامال ؟!

كەلدى «جىپ»مۇ، يۆتكىدى بولماي ھايال،
بەلكى دوختۇرلار ئاڭا تاپقاي ئامال،
تەس بىراق ساڭا داۋا تاپماق، خوتۇن!

ناز خېنىمنىڭ چېھرىدە قان قالمىدى،
پۇت ـ قولىدا ماغدۇرى ـ جان قالمىدى،
ئەمدى باتناپ ئۇسكىلى جاي قالمىدى،
رەڭگىمۇ سارغايدى، «ھاي ـ ھاي» قالمىدى،
كۆكلىگەيمۇ ئۇششۇگەن ياپراق خوتۇن!؟

1988- يىل 5- ئاي، قاراقاش



# ئەپسۇس

ئىت ئالدىمغا ئېتىلدى قاۋاپ،
نان تاشلىدىم ئۆزۈمنى ئاياپ.
توختىدى ئۇ، ئوينىتىپ قۇيرۇق،
كەتتى مانا پۇتۇمنى يالاپ.

ئۇغۇ بىر ئىت، تەبىئىتى شۇ،
ئۇندا يوقتۇر هايا ۋە نومۇس.
بەزىلەردە ئاشۇ قىلىقنىڭ
بارلىقىغا ئەپسۇس،
مىڭ ئەپسۇس!

1989- يىل 8- ئاي، قاراقاش



# ئادىمي تۈلكە

ئۆگەندىم ئاجايىپ بىر سېھىرگەرلىك،
ئۆزۈمنى شىر ئالدىدا تۈلكە قىلدىم.
ھۆركىرەپ خىرس قىلسا ساغرىن سىلاپ،
تىلىمدىن شېكەر تۆكۈپ كۈلكە قىلدىم.

ئۆزگەردىم ياز پەسلىدە يېشىل رەڭگە،
پىنھاندا توشقان ئوۋلاپ مەرىكە قىلدىم.
كۈزلۈكى زەر تون كىيدىم، ئولجا يىغدىم،
قىشتىكى سەيلىلەرنى تەرك قىلدىم.

يولۇقسام يىلپىز، يولۋاس، بۆرىلەرگە،
گەپ سېتىپ ئۆزۈمگە رام - مىلىكە قىلدىم.
بەزىدە ھەريان چېپىپ يول كۆرسىتىپ،
ئۆزۈمنى ئۇلارغا باش - سەركە قىلدىم.

خوش دېدىم، زوراۋانغا قىلىپ تەزىم،
ياخشىغا قاپاق تۈرۈپ دەككە قىلدىم.
شۇ ۋەجدىن ئەندىشەم يوق كۈن كەچۈردۈم،
ئۆزۈمنى بىخەتەر شاد، ئەركە قىلدىم.

1992- يىل، قاراقاش

# دوڭغاق

ئارىمىزدا ياشاپ كەلدىڭ غەيرىي، دوڭغاق،
خۇشامەتتىن بولۇپ بېلىڭ ئەگرى، دوڭغاق،
خوجايىنغا بېرىپ پارا - خەيرى، دوڭغاق،
تېزلا ئالدىڭ ھوقۇق - ئەمەل، كىبىر، دوڭغاق،
قىلغان سېنى شۇ كېسەلنىڭ زەھىرى، دوڭغاق.

ئەپسۇس، سېنىڭ شىپا تاپماي بۇ كېسىلىڭ،
بارغانسېرى ئېگىلىپتۇ دۈمچەك بېلىڭ،
ھارام بىلەن بۇلغىنىپ نەس، قارا دىلىڭ،
يەتتى تاپان يالاشقىمۇ ھەتتا تىلىڭ،
قىلماي ھالال نېسىۋەڭگە شۈكۈر، دوڭغاق.

تېزلا ئۆستۈڭ، قورساقمۇ چوڭ، سىغار ئون نان،
بايمۇ بولدۇڭ سېتىۋېلىپ ھوقۇق، ئۇنۋان،
تەر ئاقتۇرماي، قۇچاق ئاچتى باغ ۋە ئورمان،
قۇچاق ئاچتى سەيلىگە ھەم مىسىر، ئۇممان،
ئالدىڭ تازا ھارام پۇلدىن بەھىرە، دوڭغاق.

دۆت بولسىمۇ، پۇل بەرسىلا قوشۇپ سەپكە،
ھوقۇق بەردىڭ تىزىپ قاتار ئوڭ ۋە چەپكە،

بىلىملىك، پاك، قابىللارنى قاقتىڭ چەتكە،
قىلمىشىڭمۇ يېتىپ قالدى تازا چەككە،
قىلار ئەمدى سېنى ئەلنىڭ قەھرى، دوڭغاق.

شەرەپ دېسەك، دېدىڭ: «كەلمەس دەۋرگە ماس»
مېداللىڭنى دېدىڭ: «خوراز بويىنىغا ئاس»
بىلىم دېسەك، قۇلاق ياپتىڭ بولۇپ بىر گاس،
پۇل ئۈچۈنلا قىلدىڭ ھەدەپ ساختىنى راست،
يۇرت ئىچىدە قالمىغان ھېچ قەدرى، دوڭغاق.

مەركەزنىڭ ھەق ـ ئادىل ھۆججەت، ئىمزاسىنى،
ئوقۇيسەنۇ، بەك تەس دېدىڭ ئىجراسىنى،
كۆرمىدۇققۇ سەندە ۋىجدان ئىزناسىنى،
قەلبىڭنىڭ ھەم خەلققە چىن ئىخلاسىنى،
ئەمدى ساڭا قىلالماس ئەل سەۋر، دوڭغاق.

تۈزەتسەك دەپ سۆز ئېچىلسا چىرىكلىكتىن،
چىقالمايسەن ھەي تەس دېگەن چىگىشلىكتىن،
يۇمشىتالماي ھەق «تۈگمىنى» يىرىكلىكتىن،
دېدى ساڭا ئۆلۈم ياخشى تىرىكلىكتىن،
يۇتقاي سېنى ئەمدى لەھەت ـ قەبرە، دوڭغاق!

1997- يىل 3- ئاي

# ھەستخورنىڭ سۈرىتى



غەيۋەتنىڭ ئانىسى ئىچى تار ھەسەت،
ئاتىسى ــ نادانلىق، ئاجىزلىق، ھەسرەت.
قاغار چۈشىدىمۇ زەپەر ئوغلىنى،
شۇڭا ئۇ بىر ئۆمۈر تاپالماس نۇسرەت.

بىرەرسى دارۋازلىق قىلسا ئېگىزدە،
«مەن يۆلەپ چىقاردىم» دەيدۇ ئۇ پەستە.
ئۇ پەسكە چۈشسە، دەر «مەن قۇتقۇزمىسام،
تىرىك قالمىقى چۈشەتتى تەسكە.»

ھەر ئىشقا ئۇرۇنۇپ باقار بىمالال،
قۇدرىتى بەرمەيدۇ ئىشلەشكە ئامال.
ۋە لېكىن باشقىلار قىلسا شۇ ئىشنى،
تېرىدۇ كەينىدىن بىر قۇچاق «پاخال».

جەڭ ئېلان قىلمايمەن ھەستخور ساڭا،
سەۋەبكى، جەڭگاھتا ئۆلمىكىڭ بىشەك.
ئۆزگىنى غاجاشتا زەئىپلىك باسقان،
بىمارغا قانداقمۇ ئاتاي تاش-كېسەك؟!

1997-يىل 2-ئاي

# ئۆزگىرىش

بىر چاغ «سىلىڭ» بولغان بۇ يىگىت،
باشتا شەپكە ھەمدە بۇدۇر چاچ.
ھەيۋىسىدىن تىترەيتتى ئەل - يۇرت،
كۆرسە ھەريان بولاتتى قاچ - قاچ!
دەيتتى: «كىمنى نەگە يوشۇردۇڭ،
بىلجىرلىماي ئىشىكنى تېز ئاچ!»

بۇگۈن كۆرسەم قويۇپتۇ ساقال،
ئۆزگىرىپتۇ چاچمۇ سەللىگە.
قولتۇقىدا بامبۇك ھاسىسى،
ئىمام بوپتۇ بىزنىڭ مەلىگە،
جەننەتنىمۇ ئىختىيار قىلسا،
قويارمىكىن تەڭرى مەيلىگە؟...

1998- يىل 11- ئاي





# دوست

بىر قەدەھ سۇندۇم ئاۋۋال مېھمانە دوست،
ئىككى - ئۈچتە بولدى ئۇ مەستانە دوست.
تۆت ۋە بەشنى سۈمۈرۈپ لەش بولدى، بەس،
تىللىماققا چۈشتى راست قەستانە دوست.
دەسلىپۈللا ساھىبىم دەپ ماختىدى،
ماختىسا بولغايمۇ چىن دوستانە دوست.
ھامىنى ئاشكارا ئىكەن رەزگى يۈرەك،
ئىشتىھاسى بولدى پەس خەستانە دوست.
تىللىسا «تىللا مۇكاپات» كەلمىدى،
ياغمىدى ھەم مەدھىيە داستانە، دوست.
تىللىشى ھەق بولسا تەھسىن، ئاپىرىن،
ھەم قۇچاق ئاچسۇن بېھىش- ئاستانە، دوست.
مەي شۇنى ئايرىيدىكەن، بىلدىم خالاس،
قايسى جىلك دوست، قايسى جا ئەپسانە دوست!...

1998- يىل 12- ئاي





# نەزەرمۇپتىنىڭ ئۆلۈمى

( ئەھمەدشاھ قاراقاشى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 260 يىللىق خاتىرىسىگە)

شۇ بىر كۈنلەر، نەزەر مۇپتى ئىدى كاتتا زىياپەتتە،
يىپەك تون سەللە كىيگەن ئۇ، كېلىشكەن بىر سالاپەتتە،
ئۆزىنى باشقىدىن ئەلا بىلىپ ئەقلى - پاراسەتتە،
كېسىپ سۆزلەر ئادالەتتىن گويا سۇلتان قىياپەتتە،
كۈتۈلگەي شۇڭا مېھمانلار ئارا ھۆرمەت - ئىناۋەتتە.

خۇش ئاۋاز سازچى، ھاپىزلار قىزىتقان كەگرى ئايۋاننى،
چېۋەر ئون نەچچە ساھىبخان كۈتەر يۈزلەرچە مېھماننى،
كاۋاپ، بەتتىدە قول ئوينار، قۇرۇپ مەھكەم بەداشقاننى،
قىزىق لەتىپە - چاقچاقلار تۈزەر كۆڭلى ئاداشقاننى،
نەزەر مۇپتىمۇ بوش كەلمەي قىلار چاقچاق - رىقابەتتە.

شەرىئەت بابىدىن تەبلىغ قىلىپ بىر چاغ نەزەر مۇپتى،
ھالال - ھەقلىقنى تەكىتلەپ ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتى،
دېدى ئۇ: گەر بىرى سورىماي كىشىنىڭ ھەققىنى يۇتتى،
ۋە ياكى بىر ئامانەتكە خىيانەت يولىنى تۇتتى،
قارا يۈز ئول كىشى دائىم بۇ خىل گۇمراھ جىنايەتتە.

داۋام ئەتكەندە مۇپتىنىڭ يەنە بىر تەبلىغى باشتىن،
ئۇدۇلدىن ئېھتىرام بىرلە سادا ئاڭلاندى بىر ياشتىن:
«بۇ مەكتۇپ كەپتۇ ئۆزلىرىگە ئەھمەد شاھ قاراقاشتىن!»
بۇنى ئاڭلاپلا مۇپتىنىڭ كۆزى نەملەندىلەر ياشتىن،
نە ياشكى، ئۆزىچە شادلىق ئاڭا كەلگەچ شۇ سائەتتە.

ھاياجاندا نەزەر مۇپتى جامائەتكە قاراپ ھەريان،
ئاتاق ـ ئابرۇيغا يەتمەكتىن پۇكۇپ كۆڭلىگە بىر ئارمان،
مۇبارەك خەتنى تالىپقا ئوقۇشنى قىلدىلەر پەرمان،
ئەكس ئەتكەن ئىدى خەتتە شۇ ناباب ئاتقىچە جەريان،
ئوقۇلدى شۇ تەرىز بۇ خەت ئەجەب زىل خۇش قىرائەتتە.

سورالدى باشتا تەن ساقلىق، ئايال ـ ئۇششاققىچە ئەھۋال،
سورالدى ئۇنى شاد ئەيلەپ نەچچىگە يەتتى دەپ پۇل، مال،
سالامدىن سۇڭرى سۆز بىردىن ئۇنى تىترەتتىلەر غال ـ غال،
بىشىدا زور قىلىچ ئويناپ چىقىن چاققان كەبى ۋال ـ ۋال،
تىتىلغاندەك تېنى گويا ئېتىلغان توپ ـ سىنارەتتە.

ئاتمىش سەر ھارام تەڭگە ئاڭا ئوقيا بولۇپ تەگدى،
بولۇپ گاھى ئۇ تۇگمەنتاش ئېسىلدى، بويىنىنى ئەگدى،
بولۇپ ئۇ ئاتەشىن سىرتماق بەدەننى چىرمىدى، چىگدى،
ئۆزىنى ئۇشبۇدەم مۇپتى دوزاخنىڭ زۇلمىدا سەزدى،
دىلىدا ئەيلىدى ئىقرار ئازابىم شۇ خىيانەتتە!...

نەزەر مۇپتى خۇشال، مەغرۇر بۇ خەتنى ئاڭلىدى دەسلەپ،
ئۆزىنى تۇتتى مەردانە ساۋاقداش مېھرىنى ئەسلەپ،
خىيانەت سۆزى چىققاندا مىجەزى قالدىلەر پەسلەپ،
تاتاردى چېھرىمۇ تامدەك، يۈرەك كەتكەن كەبى دەزلەپ،
سەۋەب، ئۆتكۈر قەلەم بىرلە يېزىلغاچ خەت كىنايەتتە!...

ئايان بۇندا ئۇسال ئاتنىڭ نەچچە خىل ئەيىبى - نۇقسانى،
ئەيىبكى بىر ئەمەس، ھەتتا ناچارلىق يۈزدە توقسانى،
بۇ ئات بۇزغان، ئېكىن، ئورمان، ئېتىزنىڭ تېخى يوق سانى،
بۇ ئات سەۋەبى مۇپتىمنىڭ ھارام تەگكىنى يۇتقانى،
قېچىشقا نە ئامال بۇندىن يىقىلدى شۇ خىجالەتتە!...

باياتىن سۆزلىگەن مۇپتىم دىيانەت پاك - ھالاللىقتىن،
يىقىلدى ئەمدى سورۇندا بولۇپ ئاشكار ھاراملىقتىن،
بۇ ئىشتىن پەندىيات ئەيلەپ سادا چىقتى خالايىقتىن،
ھارامخور ساختىلار شۇنداق قاچالماس ھېچ زاۋاللىقتىن،
جېنى چىقمايلا ياتقاي ئۇ تىرىك گۆردە ــ ھالاكەتتە.

بېسىپ ساق ئىككى يۈز يىلنى، بۇ ئۆتكۈر ھەجۋىيات كەلدى،
نەزەر مۇپتى كەبى بىللە ھارامخور سەلبىيات كەلدى،
ئۇنىڭغا سۆگدىشىپ بىللە يارامسىز، ھەجۋىي ئات كەلدى،
مىنىپ شۇ ئاتنى ئەخمەد شاھ غەزەپتە قامچىلاپ كەلدى،
خەلق ھۆرمەتلىگەي مەڭگۈ شائىرنى ئۇشبۇ ھالەتتە!

2000- يىل 9- ئاي، قاراقاش

# مەسىللەر

# كۆرەڭ بوٴغا



كۆل بويىغا سوٴ ئىچكىلى كەلدى بىر بوٴغا،
جوٴلالىنىپ چۋشتى ئەكسى سۋپسۋزۋك سوٴغا.
كۆرەڭلەپ ئوٴ ئۆز ئەكسىنى قىلدى تاماشا،
دېدى: «ماڭا يارىشاركەن بولسام پادىشاھ.
بار بېشىمدا خان تاجىسى ـ ھەيۋەتلىك مۋڭگۋز،
قىلار تەزىم، كۆرسە ماڭا بۆرە، شىر، توڭگوٴز.
ماڭا شوٴدەم ئادىدىي ياشاش خارلىق ئەمەسموٴ،
سۋپىتىمگە پادىشاھلىق لايىق ئەمەسموٴ...»
بۋك ئورماندا سەكرىدى ئوٴ ئۆزىنى ماختاپ،
ئوٴزاق ئۆتمەي بىر ئىزدىلا قالدى جىم توختاپ.
كۆرگەنىدى كېلىۋاتقان شىرنى ئالدىغا،
قاچتى دەرھال ئېلىپ جانىنى خىلۋەت دالدىغا.
ئەپسۋس، خان تاج مۋڭگۋزلىرى شاخقا ئىلىنىپ،
قاچالمىدى، قالدى بوٴ ھال شىرغا بىلىنىپ.
ئۆزىچىلا كۆرەڭلىگەن بوٴ «تاجدار خوجا»
بولدى شىرغا شوٴ پەيتتىلا بىر ئوبدان ئولجا.
كۆرەڭلىسە كىمكى، كۆرگەي شوٴنداق ئاقىۋەت،
قوٴچىقىغا ئالغاي ئوٴنى تىمتاس ئاخىرەت.

1966- يىل 2- ئاي

# قوغۇن بىلەن شۇمبۇيا

بىر كۈنى شۇمبۇيا ئىرغاڭلاپ، سەكرەپ،
ۋارقىراپ سۆزلىدى قوغۇننى يەكلەپ:
ـ نېمانچە ياتىسەن ئۇخلاپ يېنىمدا،
زىلۋا قامىتىمنى قاماللاپ چەكلەپ؟

دېدى بوم ئاۋازدا قوغۇنمۇ بىغەم:
ـ مېنى شۇ تۇپراقتا ئۆستۈرگەن ئىگەم.
كۆكلىدىم، بىراق سەن يىلتىزلىرىمدىن
سۇ ئوزۇق سۈمۈرۈپ ئۆسكىلى نېكەم.

يوق سېنىڭ كېرىكىلىڭ ۋە ياكى مېۋەڭ،
نېمانچە سۆزلەيسەن يارايدۇ نېمەڭ.
يوققۇ ھېچ پايداڭ ئىنسانغا سېنىڭ،
نە ھەددىڭ سەكرەشكە تىرىكتاپ دېۋەڭ؟!

شۇمبۇيا قوغۇنغا ئوينىتىپ دەررە،
دېگەندە «كۆزۈمدىن يوقال ھەي تەلۋە.»
مەي بولغان قوغۇننى ئۈزدى ئىگىسى،
قالمىدى پېلەكمۇ، تىنجىدى غەلۋە.

1997- يىل 3- ئاي

# كاككۇك بىلەن زەينەپ

كاككۇك بىلەن زەينەپ ئىلگىرى،
بىر - بىرىنىڭ ئىكەن دىلبىرى.
يايرايدىكەن ئۇلار ئورماندا،
چىم - چىمەنلىك گۈلزار ماكاندا.
بارچە قۇشنىڭ ئەركىن سەركىسى،
كاككۇك، زەينەپ ئىكەن ئەركىسى.
يات كۆز بىلەن كۆڭۈل قايرىماي،
بىر - بىرىدىن كەتتۇ ئايرىلماي.
ئاشىق - مەشۇق ئۆتەركەن خۇشال،
ئىناقلىقتا يەتكۈزمەي كاشال.
ئاينى قوغلاپ كۈنلەر ئۆتۈپتۇ،
بۈك ئورمانلار غازاڭ تۆكۈپتۇ.
— يۈرۈڭ زەينەپ بولمايلى هايال، —
دەپتۇ كاككۇك، — كۆچەيلى دەرھال!
قاراڭ مانا ئۈششۈك، سوغ شامال،
ياشاشقا تېز تاپايلى ئامال...»
بىر جۈپ ئاشىق قىلماي تەخىر،
جەنۇب تامان ئۇچۇپتۇ ئاخىر.
كېچە - كۈندۈز هارماي ئۇچۇپتۇ،
قانچە داۋان - تاغلار ئېشىپتۇ.

داۋام ئېتىپ ئۇلار سەپەرنى،
ئۇچرىتىپتۇ بىر چوڭ خەتەرنى:
توسۇپ يولنى ئېگىز بىر داۋان،
چىقىرىپتۇ ھەيۋەتلىك بوران.
تىلسىماتتەك ھەيۋەت بۇ ماكان،
ئۇچۇش ئۇچۇن بەرمەپتۇ ئىمكان.
زەينەپ دەپتۇ:« ئۇچمايلى بۇگۇن،
مەنزىل يىراق، سوئالدا توگۇن.
تەخىر قىلغىن، توختىسۇن بوران،
ئەتە بەلكىم يول بولار راۋان.
كاككۇك دەپتۇ:« كېتەيلى تېزراق،
مەنزىلگاھتا ئوينايلى خۇشۋاق.»
زەينەپ دەپتۇ:« ئۇچمايلى ھازىر،
بىرەر خەتەر بولمىسۇن سادىر.
كاككۇك كۆنمەي زەينەپ سۆزىگە،
چوڭ تەمەننا قويۇپ ئۆزىگە؛
«تەۋەككۇل» دەپ يەككە - يىگانە،
قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ كۆككە.
بىراق بۇندا ھەيۋەت ئىككى تاغ،
بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ شۇ چاغ؛
دەم تارتىپتۇ سىرلىق كۇھقاپ،
كاككۇك شۇ دەم كېتىپتۇ يوقاپ.
زەينەپ ھەريان ئاشقىن ئىزدەپ،
قىچقىرىپتۇ:« كاككۇك، كاككۇك!» دەپ.

بىراق ئۇندىن بولمىغاچ دېرەك،
جۇدالىقتىن كۆيۈپتۇ يۈرەك.
كۈن ئېچىلىپ، توختاپتۇ بوران،
يولمۇ تەكشى بولۇپتۇ راۋان.
زەينەپ يولنى داۋام ئېتىپتۇ،
مەنزىلگاھقا ئامان يېتىپتۇ.
تاپالماستىن كاككۇكنى بىراق،
جۇدالىقتىن چەكسىمۇ پىراق؛
جاھان كېزىپ قورقماي جاپادىن،
توقۇپ داستان سۆيگۈ- ۋاپادىن؛
قىچقىراركەن دىبان « ئاھ كاككۇك»
چاڭقاپ قۇرۇپ كەتسىمۇ كالپۇك.
زەينەپ شۇنداق ياشاپتۇ ئامان،
ئاشىقلارغا بەخش ئېتىپ دەرمان.
«كاككۇك، كاككۇك» دېگەن بۇ ئاۋاز،
قاپتۇ شۇنداق زەينەپكە مىراس.
ئەپسۇس، كاككۇك كەتكەچ ئالدىراپ،
ئۆمرى تۈگەل بولۇپتۇ خاراب.
«ئالدىرىغان كەش ئېزدەپ ۋەيران،
ئويلاپ ماڭغان يېتىدۇ ئامان»
دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان،
دېمەك شۇ سۆز ئەمەستۇر يالغان!

1982- يىل 8- ئاي

# شەپەرەڭ بىلەن ھەپىرەڭ

كەچ كىردى، ئېچىلدى نازۇك ھەپىرەڭ،
چىقتى شاد سەيلىگە تەنھا شەپەرەڭ.
شەپەرەڭ سۆز ئاچتى گۈلنى كۆرۈپلا،
يۇمران، شوخ بەرگىگە بىرنى سۆيۈپلا:
«بەك ئوماق ئىكەنسەن ھەپىرەڭ گۈلۈم،
قونسام، شېخىڭغا دەمسەن بۇلبۇلۇم؟»
ھەپىرەڭ ۋىللىدە قىزاردى شۇ تاپ،
ئۆزگىچە ناز ئىلە قايتۇردى جاۋاب:
«راست بۇلبۇل بولساڭلا ئىشقىمدا سايرا،
ھەم شۇ چاغ كەڭ تاشا شېخىمدا يايرا.
ئۆتسەڭ گەر ئالدىمدىن ئىشق سىناقتىن،
مەن بەجا كەلتۈرەي تەزىم يىراقتىن.»
شەپەرەڭ دېدىكى:«چاچساڭ خۇش پۇراق،
سايراشقا ئىشقىڭدا ئىلھامىم بۇلاق.»
«سەن ئاۋۋال سايرىغىن» دەپتۇ ھەپىرەڭ،
«سەن بالدۇر پۇراق چاچ» دەپتۇ شەپەرەڭ.
ۋە لېكىن جىمجىتلىق بېسىپ ئارىنى،
ھېچبىرى چېكەلمەي سۆيگۈ تارىنى.
گەپ - سۆزگە قوشۇلماي ئۆزئارا زىنھار،
قىلالماي ئۆتۈپتۇ ئىشقىنى ئىزھار.

ھەپرەڭ گۈلمۇ ھەم چاچماي خۇش پۇراق،
شەپەرەڭ سايرىماي يۇتاركەن پىراق.
چىن سۆيگۈ بولمىغاچ بۇلاردا ئەسلى،
گۈل - چىچەك ئاچماپتۇ مۇھەببەت پەسلى.

1982- يىل 11- ئاي



# سۇ ۋە چېچەك

ئوتقاشتەك بىر چېچەك شاختا ئېچىلىپ،
دېدى ئۇ پەستىكى سۇغا ئېچىنىپ:
«ئېگىزگە، ئىنتىلمەي ئاقسەن پەسكە،
مېنىڭدەك ياشاشنى ئالمىدىڭ ئەسكە.»
دېدى سۇ: «ئەي مەغرۇر چىرايلىق چېچەك،
بۇ ئاتما سۆزۈڭنىڭ تولىسى پۇچەك.
جان بېرىپ پەستىكى يىلتىزىڭغا مەن،
ياشناتقان رەڭ بېرىپ ئەڭگىزىڭگە مەن.
بەزىدە دولقۇنلاپ قايناپ تاشىمەن،
ھەتتاكى بۇلۇتتىن ئېگىز ئاشىمەن.
رەڭگىڭنى بولغىسا چاڭ - توزان قونۇپ،
يامغۇر بولۇپ ياغىمەن بەرگىڭنى يۇيۇپ.
ھەتتا مەن ھۆسنىڭنى بېزەشكە ماھىر،
شەبنەمگە ئايلىنىپ تاقاپ جاۋاھىر.»
خىجىللىق ئىلكىدە چېچەك قىزىرىپ،
تۇرغاندا ئۇ سۇغا قاراپ بىزىرىپ.
تاشلىدى چېچەكنى سۇغا شوخ شامال،
ماختاشقا ئۆزىنى ئەمدى نە ئامال؟!...

1982- يىل 12- ئاي

# قۇلاق ۋە مۇڭگۈز

قۇلاقنى تىللاپتۇ مۇڭگۈز گىدىيىپ:
«تۇرامسەن ئەي ئەبگار بىكار بىزىرىپ؟!
مەن سېنى قوغدىسام بالا - قازادىن،
سەن بىكار ئۆلمىدىڭ نومۇس - ئىزادىن.
ئىت كەلسە قوغلىدىم، سايدىم قادىلىپ،
سەن تۇردۇڭ تۈگۈلۈپ، قورقۇپ لاپچىيىپ.
كۆردۇڭمۇ بەستىمنى، سەندىن ئېگىزمەن،
رەقىبلەر قىلسا قەست، ئۆتكۈر بىگىزمەن.
ئىگەمنىڭ زەر تاجى دۇبۇلغىسىمەن،
باتۇرلۇق بابىدا تونۇلغۇسىمەن.
تۇغۇلسام بار ئىدىڭ قېرى شۇ پېتىڭ،
كۆرمىدىم، كۆرسەتكەن قېنى خىزمىتىڭ؟!
سەن بىلەن ياشىماق ئەمەستۇر دۇرۇس،
كەت نېرى قېشىمدىن ئۆلگۈر بىنومۇس!»
جاۋابىن باشلىدى دىڭگىيىپ قۇلاق،
مۇڭگۈزنىڭ ئاغزىغا يېپىلدى تۇۋاق.
«ئەي مۇڭگۈز، غادىيىپ جۆيلۈمە خاتا،
تۆھپەڭمۇ كۆپ ئەمەس، ئۇنچىلىك كاتتا.
سەنسىزمۇ ياشىدىم نەچچە يىل بىغەم،
مەن سەزگەچ خىرىسنى، قۇتۇلغان ئىگەم.

سەن ئۇچاغ يوق ئىدىڭ، ماختانما مۇڭگۈز!
يالغاندۇر ئۆزۈڭنى قىلغىنىڭ كۆز - كۆز!
تۈنۈگۈن ئۇسۇپلا مېنىڭدىن ئاشتىڭ،
ھاقارەت ياغدۇرۇپ شالىڭنى چاچتىڭ!
يالغاندىن تۆھپىكار بولۇش نە ھەددىڭ،
بىكارغۇ ئاسماننى تەشسىمۇ قەددىڭ.
بۇ سۆزدىن ئاچچىقلاپ مۇڭگۈز چۆچۈدى،
قۇلاق دەپ بىر تاشنى نىقتاپ كۈچىدى.
ئۇرۇلغاچ تاشقا چىڭ، بولدى ئۇ پۇچۇق،
غادىيىپ سۆزلەشكە قالمىدى يوچۇق!

1999- يىل 1- ئاي



# تاغ ۋە بوران 

ئاسمان پەلەك ئۆرلىتىپ توزان،
سۈرەن سېلىپ چىقتى سەت بوران.
دەل - دەرەخلەر قىڭغايدى، سۇندى،
ۋە شۈمشىيىپ قالدى باغۋاران.

كۆكنى سۆيگەن ھەيۋەتلىك بىر تاغ،
توسقىنىدا بوراننى شۇ چاغ.
دېدى بوران: «بوشات يولۇمنى،
سۈر - زەربەمدىن بولسەن قان - داغ.

ھەر قەدەمدە زەپەر - شان قۇچۇپ،
سۈمۈرغ كەبى كەلسەم مەن ئۇچۇپ.
قىمىر قىلماي تۇرامسەن تېخى،
سەن ئۆزۈڭچە يولۇمنى توسۇپ؟!

كۆرمىدىڭمۇ گۈر-گۈر ئاۋازىم،
ئورمانلارنى قىلدۇرسام تەزىم.
ئۇسسۇل ئويناپ ھىد چاچار باغلار،
گۈلدۈرلىسە دۇمبىقىم - سازىم.»

تاغ سۆز ئالدى سالماق ۋە كەسكىن :
«ھەي زىيانخور ، يوقال - تېز كەتكىن .
ئىلىشامسەن ياكى مەن بىلەن ،
قېنى ھەيۋەڭ ، كۈچۈڭ ، كۆرسەتكىن!

تۇرۇپ بەرسەم قىلىپ سەۋرىلەر ،
يالغان سۆزلەپ قىلدىڭ ھەيۋىلەر .
ئاپتىڭدىن تۆكۈلدى بىۋاق ،
ئالما ، ئانار ، ئۈزۈم سەيۋىلەر .

مۇشت ئۇرساڭمۇ كۆكسۈمگە ھەريان ،
تەۋرىمەيمەن ھەيۋەڭدىن بوران .
چۈنكى ئەلنىڭ بايلىقى كۆكسۈم ،
ئۇندا ئالتۇن ، كۈمۈش ، مىس ، ئۇران!...

ئەل بايلىقى بەختىم ، ئامىتىم ،
قوغداش ئۇنى بۇرچۇم ، ئادىتىم .
ئۇچۇرساڭمۇ خەسلەرنى پۈۋلەپ ،
تەۋرىمەيدۇ مەغرۇر قامىتىم .

جاھانكەچتى سارالڭ تەلۋە سەن ،
ئۆرۈپ دائىم بارالڭ چەللە سەن :
ئاپەت سالدىڭ باغ ، ئېكىنلەرگە ،
قىلما تولا پاراڭ - غەلۋە سەن .»

بوران شۇ چاغ تولۇپ غەزەپكە،
توپا - توزان ئۆرلەتتى كۆككە.
قۇم - شېغىللار ئۇچتى غۇيۇلداپ،
تاغنى يەرگە بېسىپ كۆممەككە.

بىراق، بوران قالغاچ كۈچىدىن،
جىمىقىپلا كەتتى ھوشىدىن.
نۇر ياغدۇرۇپ بالقىدى قۇياش،
نەيزە باشلىق تاغنىڭ ئۇچىدىن.

نۇر ئىچىدە يۇيۇنۇپ زور تاغ،
كۆك ئاسماننى ئەتكەندە باخ - باخ.
ئالقىشلىدى كۈلۈپ يەر - زېمىن،
دەريا، ئورمان، ئېكىنزار ھەم باغ!...

2000- يىل 1- ئاي





# شام ۋە چاقماق

يورۇدى شام، ئېچىلدى كىتاب،
ھەر چېكىت، قۇر چاقنىدى شۇ تاپ.
شۇڭغۇپ چۈشۈپ چاقماق رۇجەكتىن،
قىلدى شامغا ۋارقىراپ خىتاب:

«ھەي دۆت، ساڭا بۇ يەردە نېمىش،
ياش ئاقتۇرۇپ كۆزۈڭدىن مىش - مىش؛
بىر غېرىچسەن، نۇرۇڭمۇ چاغلىق،
چوڭغۇ ھالىڭ بۇ قانداق قىلمىش!؟

گۈلدۈرۈمدىن كېتەر شىر چۆچۈپ،
بۇلۇتلارمۇ يىغلار ياش تۆكۈپ.
ۋال - ۋۇل يالقۇن چاچسا شەمشىرىم،
ئاي - يۇلتۇزمۇ قالىدۇ مۆكۈپ.

سالام بەرمەي تۇرىسەنغۇ تىك،
قورقماي مەندىن خاتىرجەم، تېتىك.
نەدىن كەلگەن ساڭا بۇ چوڭلۇق،
تۇرساڭمۇ بىر كۆرۈمسىز، ۋىجىك؟!»

ئالدىنماي جاۋاب بەردى شام:
«چاقماق بوۋا، سۆزىڭىز بەك خام.
كۈچ - ھەيۋىدە، چوڭلۇقتا ئەمەس،
جۆيلۈدىڭىز بولمىغۇر بەتنام.

دەسمايە قىلىپ گۈلدۈر - چېقىننى،
سېكۇنتلۇق ۋال - ۋۇل ئېقىننى.
يەتكۈزدىڭىز كىمگە نەپ، شادلىق،
كېزىپ ئاسمان، يىراق - يېقىننى؟

مەن بار، يورۇق ئۈستەل - ئىشكاپلار،
پۈتەر توم - توم ئېسىل كىتابلار.
ئوقۇپ ئىنسان تاپار شىپالىق،
مىڭلاپ تەشنا روھى بىتاپلار.

يورۇتقىنىم بولسىمۇ بىر گەز،
ئاددىي دۈۋەت - قەلەم ۋە قەغەز.
ئىلىم نۇرى قۇچسا جاھاننى،
ئارمىنىم شۇ، ئۆزگە يوق غەرەز.

بىراق سىزدىن ئادەملەر بىزار،
ھەتتا قۇشلار، دەرەخ، ئېكىنزار.
قۇرۇق سۆلەت پوپوزا بىلەن،
قىلالمايسىز تۆھپەمنى ئىنكار!»

چاقماق شامغا جۆيلۆپ غارايىپ،
شەمشىرىنى شىلتىدى كايىپ.
بىراق سۇندى ئوت چىقىپ ۋال - ۋۇل،
بۇلۇت ئىچرە بولدى ئۇ غايىب!

2000- يىل 7- ئاي



# بالالار

# بالىمان

مۇقامچى دەپ ئاتىشار،
بىزنىڭ كىچىك نادىرنى.
كۆرەكلەردە داڭلانغاچ،
چېلىپ دۇتار، تەمبۇرنى.

ئۇلۇغ ئۇنىڭ غايىسى،
كۆزلەر يۇكسەك چوققىنى.
دەيدۇ دائىم: بولىمەن
مەشھۇر مۇقام چولپىنى!...

ئۇ زەر پۆپۈك قومۇشتىن،
ياساپ نەپىس بالىمان.
سۇ بويى — تاش ئۇستىدە،
چالدى بىر كۈي شادىمان.

چالدى شۇنچە يېقىملىق،
چالدى مۇڭلۇق پەدىگە.
دىل سۆيۈندى بۇ كىچىك
سەنئەتكارنىڭ پەمگە.

چالغانسىرى مۇقامنىڭ
ئىشقى دىلدا قاينىدى.
قۇشلارمۇ شوخ كۈي قېتىپ،
سايراپ شۇنچە قانمىدى.

كۈي ئايلىنىپ ئېقىنغا،
ئۆركەشلىدى جۇش ئۇرۇپ.
دولقۇنلارغا نادىر جان،
كەتتى شۇڭغۇپ قوشۇلۇپ.

سۈرلۈك يوچۇن بىر جايغا،
چىقتى نادىر قىرغاقتىن.
قالدى قېتىپ ئىزدىلا،
دەبدەبىلىك سوراقتىن.

چىقىپ قەدىم قەلئەدىن،
كەلدى ئىككى قاراقچى.
بىرى سورىدى دېۋەيلەپ،
(قىلىچ ئاسقان يالاقچى):

— نەدىن كەلدىڭ سەن شۈمتەك،
بىزنىڭ سىرلىق ماكانغا؟!
تويدۇڭمۇ يا جېنىڭدىن،
پاتماي كەڭرى جاھانغا؟!

كەلدىڭ بۇندا نېمشقا،
بار نېمە ئىش، ئاساسىڭ ؟!
بارمۇ بىزدە قەست - ئۆچۈڭ،
ياكى قانلىق قىساسىڭ ؟!

قالدى نادىر گاڭگىراپ،
بۇ تۇيۇقسىز سوراققا.
گويا بۆركۈت بالىسى،
چۈشكەن كەبى سولاققا...

دېدى شۇ چاغ قاراقچى:
– بۇ لالمىنى چېپىۋەت!
گەپ چىقمىغان تىلىنى،
تېز بول، چاپسان كېسىۋەت!

بىزنى ماراپ كەلگەنلىك
يوق مەقسەتكە يەتكىنى.
ئالدىمىزدىن قۇتۇلۇپ،
يوق ھەم تىرىك كەتكىنى...

قاراقچىلار ئۆزىچە،
چالسا چاغلاپ دېيىنى.
ئاقتۇرارمۇ نادىرجان،
ھەق جاۋابى – گېپىنى ؟

ئويلاپ نادىر شۇلارنى،
ئاقلاپ يۈرمەي ئۆزىنى.
قاراقچىغا ئۇدۇللا،
ئېيتتى مۇنداق سۆزىنى:

— تەمە يوق باي تۇرمۇشتىن،
ياكى ئالتۇن - كۈمۈشتىن.
بايلىق ماڭا بۇ چالغۇ،
پۈتكەن غېرىچ قومۇشتىن.

چېلىپ بەرسەم بىر پەدە،
ئاڭلامسىلەر ياقتۇرۇپ.
ئۆلتۈرسەڭلار مەيلىكى،
چېپىپ ياكى ئاستۇرۇپ.

قاراقچىلار بۇ سۆزدىن،
قالدى گۇمان ھەيرەتتە.
قېلىچىنى قىنىدىن
سۇغۇرۇشتى ھەيۋەتتە.

دېدى بىرسى :« بەرىبىر ،
ئەسكى قومۇش ئۇ — چالغۇ.
قېنى چالساڭ چال قېنى،
ھامان بىزدە جانئالغۇ! ...

بىراق ئۇنىڭ شەرتى بار،
چىلىش ۋاقتى بەش دەقىق.
ئېشىپ كەتسەڭ ۋاقتتىن،
چېپىلىسەن بىتەھقىق! ...»

چالدى نادىر تەخىرسىز،
بالىمانىنى سايرىتىپ.
قاتقان قارا دىللارنى،
ئېللىتىپ شاد يايرىتىپ.

يەتتە - سەككىز قاراقچى،
تاشلاپ قىمار - تەنزىنى؛
چىقتى ئاڭلاپ قەلئەدىن،
شاد ياڭرىغان نەغمىنى.

چالدى نادىر توختىماي،
«ئەجەم»، «ناۋا» ھەم «راك»قا.
ئۇنىڭ لەرزان مۇڭلىرى،
كەتتى يېقىن - يىراققا...

شۇئان نەچچە قاراقچى،
بوشاپ ئاستا باش سالدى.
ۋەھشىي كۆزلەر خۇمارداپ،
مونچاق - مونچاق ياش ئالدى.

باش قاراقچى قىلىچنى،
چەتكە چۆرۈپ تاشلىدى.
كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ،
مۇنداق بىر سۆز باشلىدى:

«يېقىملىق كۈي، مۇڭلۇق كۈي،
مۇز قەلبىمنى ئېرىتتى.
قۇرۇم باسقان ئىچىمنى،
شەبنەم كەبى ئېرىتتى.

نەچچە يىللار غەپلەتتە،
ئەلنى بۇلاپ باش كېسىپ؛
ھالال بايلىق تاپقاننى
ئۆتتۇپتۇق زار قاقشىتىپ.

ئۆتتۇپتىمىز، مىڭ ئەپسۇس،
غاپىللىقتا يېكىنىپ.
بىز تاپايلى ھەق يولنى،
بۇ دەرگاھتىن چېكىنىپ.

قېنى دوستلار بولۇڭلار،
تەييالانسۇن ئات - قېچىر.
ھەممە تولۇق يۈكلەنسۇن،
ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىر...

بايلىقلارنى بىز ئەمدى،
ئەل ئۈستىگە چاچىمىز.
دۇنيادا پاك ياشاشقا،
يېڭى بىر يول ئاچىمىز!..

كەچۈر ئوغلۇم، خەير- خوش،
ئاق يول ساڭا، بول ئامان.
قىلسۇن سېنى بەختىيار،
ئاشۇ مۇڭلۇق بالىمان!»

كۆي قۇدرىتى نادىرنى،
چۆمدۈردى قۇت، ئىلھامغا.
ئېرىشتى ئۇ گويا بىر
ئەڭگۈشتەرگە — ئىنئامغا.

ئۇرغۇپ تاشتى قەلبىدە،
كۆي - مۇقامغا مۇھەببەت.
قايتمىدى ئۇ بۇ يولدىن،
چەكسىمۇ كۆپ مۇشەققەت.

مۇھىت ئاڭا يول بەرمەي،
ئالدى سىرلىق ئەسىرگە.
كىرىپ قالدى باغ ئارا،
شاھانە بىر قەسىرگە.

چىقتى ئۇنى ئىززەتلەپ،
ئۇلۇغ ئالىم فارابى.
ئاپىرىن دەپ نادىرغا،
تۇتتى ئانار شارابى.

ئەجدادلارنىڭ، ــ دېدى ئۇ، ــ
ئۈمىدىنى ئاقلىدىڭ.
تەۋەررۇك كۈي - مۇقامنىڭ
شۆھرىتىنى ساقلىدىڭ.

غېرىچ قومۇش كۈيىدە،
يەڭدىڭ قىلىچ - شەمشەرنى.
باش ئەگدۈردۈڭ مۇڭ بىلەن،
قاراقچى بەتبەشىرنى...

چىقتى شاھتەك بىر كىشى،
خانىسىدىن تاشقىرى.
سېيماسىدىن تونۇش ئۇ،
ئالىم مەھمۇد قەشقەرى.

بالىمانىنى كۆرۈپ ئۇ،
دېدى: «ئۇيغۇر چالغۇسى.
ئۆگەن، بۇ چىن تەۋەررۈك،
ئەۋلادلارغا قالغۇسى.

ئىجاد بولۇپ بالىمان،
ئۆتتى مىڭ يىل بىز گىچە.
سەن ئىككى مىڭ يېشىنى،
قۇتلۇقلاپسەن ئۆز گىچە!...

بۈگۈن ياۋغا سەن ئۇنىڭ
كۆرسىتىپسەن كۈچىنى.
ئادا قىلدىڭ مۇقامنىڭ
خاسىيەتلىك بۇرچىنى.»

چىقتى خۇشال نەۋايى،
ئامانىسا، مۆجىزى.
ئالىملارنىڭ تىلىدا،
نادىرجانىنىڭ ئىش - ئىزى.

ئالىملارنىڭ سۆزىدىن،
ئېلىپ ئىلھام - شىجائەت؛
چىقتى يولغا شاد - خۇرام،
بولغاچ ئاڭا ئىجازەت.

كۈي - مۇقامنىڭ ئۈزۈلمەس
رىشتى دىلغا چىگىلىپ؛
رەھمەت ئېيتتى نادىرجان،
ئۇستازلارغا ئېگىلىپ!

ئېلىپ چىقتى قىرغاققا،
كۆي دولقۇنى شۇ ھامان.
ئۇ باشلىدى يېڭى كۆي،
قوللىرىدا بالىمان.

ئىككى مىڭ يىل بېرى ئۇ
بولۇپ دىللار ھوزۇرى؛
سايراپ كەلدى ئۆزلۈمەي،
ئەلنىڭ ئېسىل غۇرۇرى!...

1986- يىل، قاراقاش



# قاشتېشى ھەققىدە باللادا

ئۇلۇغ ئاتا* ھەم قوش دەريا* بويى چىمەنلىك،
ئويناپ ئاقار زىلال سۇلار شاۋقۇن - سۈرەنلىك.
كۆز چاقنىتار سۇ تەكتىدە رەڭدار قاشتېشى،
جۇلالىنىپ پىنھان ئىچرە بېرىپ گۈزەللىك.

گاھ شوخ سۇلار تاغ ئاستىدىن شۇڭغۇپ ئاقىدۇ،
گاھ قىيادىن سەكرەپ تاشقا باغرىنى ياقىدۇ.
گاھى ئاپئاق چېچەك ئاچار، بۇژغۇنلار چاچار،
زۇمرەت چىمەن قىرغاقلارغا ئۈنچە چاچىدۇ.

بۇ گۈزەللىك مەنزىرىگە قارايمەن ھەيران،
خىيالىمنى ھەر كۆرۈنۈش ئۇچۇرار ھەر يان.
بۇ ئىنساننىڭ سەنئىتىمۇ يا ئىلاھنىڭمۇ،
گاھ ھۆكۈمنى پەرەزلىرىم قىلىدۇ ۋەيران.

خىيال قۇشۇم چوققىلاردا ئەيلەيدۇ پەرۋاز،
خۇش سابالىق چىمەنلەردە قىلىدۇ گۈل ناز.

---

* ئۇلۇغ ئاتا ــ قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك جاي.
* قوش دەريا ــ يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«يۈرگىن ئوغلۇم ھۇزۇرۇمدا مېھمان بولۇپ كەت»،
تەپەككۇرۇم يىپلىرىنى ئۈزدى بىر ئاۋاز.

چۆچۈپ باقتىم، ئالدىمدا شوخ - تېمەن بىر كىشى،
ئاپئاق ساقال، كەم ئەمەستۇر سەكسەندىن يېشى.
تاغ خۇرجۇنى ئېسىۋالغان يېنىغا ئەپلىك،
تولدۇرۇلغان ئاڭا ھەر خىل رەڭدار قاشتېشى.

سالام سوڭرە، بوۋايغا مەن ماڭدىم ئەگىشىپ،
« بوۋا نېمە خۇرجۇندىكى ؟» دېدىم گەپ تېشىپ.
«گۆھەر!» دېدى بوۋاي تەمكىن مەنىلىك كۈلۈپ،
بېرەر بەلكىم بۇنىڭدىكى سىرلارنى يېشىپ.

* * *

دېرەۋزۇنلۇك نەقىشلەنگەن كونىچە ئايۋان،
گويا مەشھۇر ئابىدىگە ئوخشايدۇ ھەريان.
ئولتۇرىمەن راھەتلىنىپ ئەتلەس كۆرپىدە،
بوۋاي ئۈچۈن بولۇپ شۇدەم ئەتىۋار مېھمان.

موماي تىزدى داستىخانغا نازۇنېمەتلەر،
قاتلىما نان، توغاچ، قېتىق، شىرنە - شەربەتلەر.
بىر مۆجىزە ئىشتىھايىم رايىنى تۇتتى،
مۆجىزىكى، قاشتېشىدىن پۈتكەن سەنئەتلەر.

داستىخاندىكى چىنە، چەينەك، لېگەن قاشتېشى،
مەپتۇن ئەيلەر دىلنى ئۇنىڭ رەڭدار چاقنىشى.

نەۋاينىڭ، نۆبىتىنىڭ مىسرالىرىمۇ،
ئويۇلغان گۈل ـ نەقىشلەرنىڭ بولۇپ سىردىشى.

سېھرىلىك بىر موزېيخانا يا كۆرگەزمىمۇ،
سېزىملىرىم ئېزىپ بۇنى شۇنداق سەزدىمۇ.
ئويۇلغان خەت ـ نەقىشلەرگە تويماي قارايمەن،
بۇ گۈزەللىك نۇر بېرىدۇ ئەما كۆزگىمۇ.

ــ ئېيتقىن بوۋا، بۇ كىملەردىن قالغان تەۋەررۈك،
بۇ ھۈنەرنىڭ ئىگىسىنى كىم دەپ بىلگۈلۈك؟
دېدى بوۋاي: ــ ئاۋۋال تائام، ئاندىن كېيىن كالام،
باشقىسىنى قويۇپ، ھازىر تائام يېگۈلۈك.

غىزا سۈگرە، بوۋاي ئاستا بىر ئىشىك ئاچتى،
يۈرىكىمدە ھېس ـ ھاياجان دولقۇنى تاشتى.
بۇندا كۆردۈم يەنە تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەتنى،
گۈزەللىكتە مۆجەسسەمى بەھرىمنى ئاچتى.

ئۇستىلارگە تۈرلۈك ـ تۈمەن بۇيۇم تىزىلغان،
ھەربىرىگە نەقىش، ھېكمەت ئويۇپ يېزىلغان.
بوۋاينىڭ بۇ ھۈنەر ئىشقى كارامىتىمۇ،
ياكى ئاسار ئەتىقىمۇ يەردىن قېزىلغان؟

جۇلالىنىپ كۆز چاقنىتار نۇسخىلار چەندان،
چۆگۈن، چىنە، پەتنۇس، قەدەھ، لوڭقا، قەلەمدان.

بۇندا رەتلىك كېسىش، قىرىش، ئويۇش دۇكىنى،
ھەممە تەييار يۈرۈشلەشكەن ئەسۋاب - سەرەمجان...

تولدۇر ساقىي، لەئەلرەڭ مەي قاشتاش قەدەھكە،
ئۇستىكارنى قىلاي ئۆلپەت ئۇشبۇ سۆھبەتكە.
يازغىن قەلەم، قاشتېشىنىڭ ئۇستازلىرىنى،
سىزغىن ئۆچمەس سىيماسىنى سانسىز قەلبكە.

دېدى بوۋاي: — ئوغلىدۇر مەن مۇشۇ ماكانىنىڭ،
ۋارىسىمەن ئۆز ئاتامدىن قالغان دۇكانىنىڭ.
ئويمىچىلىق ھۈنەر بىلەن ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم،
قانچە ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ جاھاننىڭ.

ئۆتكۈزسەممۇ باشتىن قانچە ئېغىر كۈنلەرنى،
تاشلىمىدىم ئەجدادىمدىن قالغان ھۈنەرنى.
چۈنكى ئاتام تاشلىماسقا ۋەسىيەت قىلغان،
ھەم قالدۇرغان غەيرىي خەتلىك بىر تاش «گۆھەر»نى.

بوۋاي شۇدەم ئېلىپ كەلدى بىر نەپىس ھەيكەل،
نە ھەيكەلكى، بىر ئۇيغۇر قىز — ھۆر، پەرى - پەيكەر.
سۇمبۇل چاچقا خوپ ياراشقان مارجان دوپپىسى،
ئولتۇرىدۇ نەي چالغانچە، كۆزلىرى ئەختەر.

شايى كۆڭلەك، قوللىرىدا بىلەزۈك، ئۈزۈك،
بويى زىلۋا، ئاق ناۋاتتەك ئەتلىرى سۈزۈك.

شۇنچە نەپىس قاشتېشىدىن پۈتكەن بۇ ھەيكەل،
پايىسىگە ئويۇلغان خەت (غەيرىي بىر پۈتۈك).

نە غەيرىي ئۇ، قەدىم ئۇيغۇر خوتەن يېزىقى،
ھەرپلىرى دانە - دانە مارجان تىزىقى.
ئوقۇپ ئۇنى يازدىم ئۆرۈپ دەۋرىم تىلىغا،
كەم قالمىدى مەنىسىگە چېكىت، سىزىقى.

ئادا قىلدىم ئەجدادىمنىڭ تۇنجى قەرزىنى،
مەي قۇي ساقىي، يېڭىۋاشتىن تۈزەي بەزمىنى.
جاكار قىلدى ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەجداد،
ئاڭلا بوۋا، ئوقۇپ بېرەي ئۇشبۇ نەزمىنى!

«قاشتېشىنىڭ ماكانىدۇر خوتەن دىيارىم،
ئۇنىڭ بىلەن ئېسىل قەسىر، ئالتۇن سارايىم.
ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل خانىش، تەنناز پەرىلەر،
ئۇنىڭ بىلەن قالار مەڭگۈ سەنئەت، كالامىم.

بۈيۈك رەسسام ۋىسائىراساتگا* پۈشتىمەن،
ياساپ چىقتىم بۇ ھەيكەلنى ئاق قاشتاشتىنمەن.
بولۇپ قالسۇن ئەۋلادلارغا ئۆچمەس يادىكار،
چوڭ ئوغلۇمغا سۇندۇم بۇنى، ئاتمىش ياشتىمەن.

* ۋىسائىراساتگا — تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن خوتەنلىك مەشھۇر ئۇيغۇر رەسسام، ئويمىچى ۋە ھەيكەلتىراش.

سەنمۇ ئوغلۇم تاپشۇر بۇنى ئوغلۇڭغا شۇنداق،
ئۇنتۇمسۇن نەۋرەڭگىچە بۇ سۆزنى ھەر ۋاق.
قاشتېشىدىن تۇرلۇك - تۇمەن سەنئەت يارالغاي،
داۋام ئەتسۇن بۇ ھۈنەرنى ئەۋلادتىن - ئەۋلاد.»

ھاياجاندا دېدى بوۋاي: — ئېچىلدى سىر،
ئاتام ئېيتقان ۋەسىيەتكە ئوخشىدى بۇ شېئىر.
ئۆزگەرسىمۇ تىل، يېزىق، دىن تارىخ يولىدا،
ئۆزگەرمەستىن كەلدى مەنە بۇندا بىرمۇبىر.

كۆچۈرۈپ بەر تەرجىمەڭنى ئەمدى ئۆز پېتى،
ئوغلۇم كۆرۈپ پەخىرلەنسۇن، ئاشسۇن رىغبىتى.
ئۇنىڭ قولى بىلەن پۈتتى بۇ تاش ئويمىلار،
جۇلالىنىپ دانالارنىڭ سۆزلەر ھېكمىتى...

دېدىم: — بوۋا قېنى ئوغلۇڭ، ئۇنى بىر كۆرەي،
ئۇنىڭ چېۋەر قوللىرىغا ھۆرمەتتە سۆيەي.
ئەجدادلارنىڭ ۋەسىيتىنى ئورۇنداپتۇ ئۇ،
ئۇنىڭ ھەربىر سەنئىتىنى كۆزۈمگە سۈرەي!

دېدى بوۋاي: — مەكتەپتە ئۇ دەرستە ھازىر،
ئۆزى خەتتات، رەسسام يەنە يازغۇچى، شائىر.
ئېلىپ كېتەر تەكلىپ بىلەن مەكتەپلەر ئۇنى،
رەسىم، شېئىر، ھۆسنخەتكە بولغاچقا ماھىر.

چۈشۈپ كېتەر ئىشىغا ئۇ كەلسە مەكتەپتىن،
ھۈزۈرلىنار كۆڭلى ئۇنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتىن.
ياشناپ كۆلسۈن گۈزەل يۇرتۇم دەيدۇ ھەمىشە،
جاھان ئارا قاشتېشىدىن كەلگەن شۆھرەتتىن.

«پىلىكار قىز» ھەيكىلىنى پۈتكۈزدى ياساپ،
ئەۋەتتى ھەم كۆرگەزمىگە قويۇشقا ئاتاپ.
يازماقتا ئۇ كېچىلىرى چىراغ تۈۋىدە،
«قاشتېشى ۋە ئويمىچىلىق» دېگەن بىر كىتاب...

ئاشتى شۇدەم بۇ ئوغلانغا يۈكسەك ھۆرمىتىم،
ئۇنىڭ بىلەن ساقلانغۇسى شانۇ شەۋكىتىم.
قاشتېشىغا گۈل، خەت ئويۇش ئەجدادتىن قالغان،
داۋام ئەتتى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلمەس سەنئىتىم.

كۆز ئالدىمدا چاقنار ھەر خىل قاشتېشى بۇيۇم،
ياش ئويمىكار سېيماسىدا خىيالىم - ئويۇم.
سەنئىتىڭنى ئەۋلادلارغا ئۇلىدىڭ، ئەمدى
ياسار سېنىڭ ھەيكىلىڭنى مەدھىيە - كۈيۈم.

1987- يىل 8- ئاي ، قاراقاش



# خەيرلىك كېچە

ئاق چېچەكلەر ئۇچۇپ كەچقۇرۇن،
ئاق بويالدى گۈگۈم پەردىسى.
ياساپ بىردىن شىۋىرغان قۇيۇن،
تەگدى جانغا سوغۇق زەردىسى.

ئۆي - ئۆيلەردە يانغان توك چىراغ،
مەش ئوتىدىن ئالار تەن ھۇزۇر.
ياستۇقلارغا يۆلىنىپ خۇشۋاق،
بارچە ئاۋام كۆرەر تېلېۋىزور.

ئەپسۇس، قېرى ياڭاق تۈۋىدە
تۇرار بىر ئۆي يېگانە، يالغۇز.
بوۋاي ئىگرار قاراڭغۇ تۆردە،
سانجىلغاندەك يىڭنە، جۇۋالدۇرۇز.

پەنجىرىدىن كۆرۈنمەيدۇ نۇر،
ئوچاقتىن ھەم چوغنىڭ شولىسى.
ئۆتەر سوغۇق يوچۇقتىن غۇر - غۇر،
شىۋىرغاننىڭ ئەنسىز ھۇۋلىشى.

تەنھا بوۋاي ئۇيقۇدىن بىدار،
سوغۇق قىيناپ ياتار تۈگۈلۈپ.

داق يەردىن ئۇ بولىدۇ بىزار،
سۆڭەكلىرى ئاغرىپ، ئۇگۇلۇپ.

خېلى بۇرۇن... رەھىمسىز ئەجەل،
ئايالىنى ئايرىغان بىۋاق.
پەرزەنتىمۇ بولمىغاچ تۇغەل،
ئۆتتى بوۋاي يېگانە، بويتاق.

ئۇنتۇلدۇرۇپ سوغۇقنى بىردەم،
ئۇنى بىر چۇش ئالدى ئىلكىگە.
چۇشۇپ ئۆيگە بىر يورۇق شۇ دەم،
نۇر چاچارمىش جىمى مۇلكىگە.

گۇلدۇرماما ئىچىدە بىر ئۇن،
دەرمىش «بوۋا كەلدى بەخت ـ قۇت:
تۇتقان نەرسەڭ بولىدۇ ئالتۇن،
ئۆتمىسۇن چاغ، خالىغاننى تۇت!»

شىۋىقەدرى ھەققىدە بوۋاي،
ئاڭلىغانتى نۇرغۇن رىۋايەت.
دېۋەتتى ئۇ «نېمە شۇ بولماي،
كۆز ئالدىمدا تۇرغان كارامەت؟!»

تۇتقىنىدا بوۋاي ھاسىنى،
ئالتۇن ئۇچۇن ئالدىراپ قىزىپ.

بوغۇپ ئارزۇ ئىشتىھاسىنى،
كەتتى چۇشى توزغاقتەك تېزىپ.

ئويغاندى ئۇ غەشلىكتىن يىراق،
ئۆزگىچە ئاق نۇرنىڭ ئىچىدە.
يورۇپ كەتكەن ئۆيدە توك چىراغ،
قار قاپلىغان زۇلمەت كېچىدە...

پەرۋانىدەك بەش - ئالتە كىشى،
ئۆي ئىچىدە قىلىدۇ ھەرىكەت.
ھەر قەدىمى، خىسلەتلىك ئىشى،
بۇ كۇلبىگە ياغدۇردى بەرىكەت.

بىرى يۆتكەر يىپپېڭى يوتقان،
بوۋاي ئۇچۇن يۇمشاق جاي سېلىپ.
بىرى تىزار لېگەنگە گۆش، نان...
چەينەككە قەنت - ناۋات چاي سېلىپ.

بىرى كىيگەن غەربچە فورما،
بىرى ئاپئاق دوختۇر لىباسى.
بىرى كادىر، بىرسىن سورىما،
كۆزلىرىدە مېھرى - ۋاپاسى!

بوۋاي كۆرۈپ بۇ ھالنى شۇدەم،
كۆزلىرىگە قالدى ئىشەنمەي.

ھېلى كۆرگەن چۈشلىرىنى ھەم،
ئايرىيالماي، تېگىن يېشەلمەي.

چۈشۈمدىكى شۇنچە ئېنىقدىرىنىڭ
بۇ كارامەت سېھرىي كۈچىمۇ؟
شەپقىتىمۇ ياكى تەقدىرىنىڭ،
بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟...»

ئولتۇرغۇزدى ئۇنى بىر كىشى،
يۆتكەپ يېڭى كۆرپىگە ئاستا.
ئەمدى سوراش بوۋاينىڭ ئىشى،
ئېيتالمىغان گېپىنى باشتا.

تۇتالماستىن بوۋاي ئۆزىنى،
يىغلاپ كەتتى ئۆكسۈپ، بۇقۇلداپ.
ئېيتالمىدى يۈرەك سۆزىنى،
ھاياجاندىن بىر پەس دۇدۇقلاپ.

دېدى ئاخىر: «سىلەر زادى كىم،
قار- سوغۇقتىن مېنى قۇتقۇزغان؟
قىينالغاندا بۇ ئاجىز تېنىم،
ئابىھايات سۈيى يۇتقۇزغان؟»

ھەربىي يىگىت دېدى جاۋابەن:
«بىز پارتىيە ئەۋەتكەن كادىر.

كەلدۇق سىزنى يوقلاپ ئاتايىن،
خەير بوۋا، قايتىمىز ھازىر...»

ئۇلگۈرەلمەي قالدى بەك خىجىل،
رەھمىتىنى ئېيتىشقا بوۋاي.
قارلىق يولدا گۈر كىرەپ يەڭگىل،
كېتىپ قالدى غەمخور بولكىۋاي...

«ئەتە يوقلاپ كېلىمىز يەنە...»
سادا بېرىپ قالدى شۇ ئاۋاز.
تۈن كۆكىدە ئېسىل ئەنئەنە،
ساليوت كەبى ئەيلىدى پەرۋاز.

چاي قۇيماقتا بوۋاي چەينەكتىن،
غەمخانىگە ئامانلىق تىلەپ.
مارىلار قار سۈزۈك ئەينەكتىن،
كېپىنەكتەك ئۇيناپ، ئەركىلەپ.

كۆردى بوۋاي شىۋىقەدرىنى،
رېئاللىققا ئايلىنىپ چۈشى.
ئۇلۇغلاپ شاد گۈزەل دەۋرنى،
قانات قاقتى سائادەت قۇشى.

1997- يىل، قاراقاش

# سانائل ھہ پیلر

# بۇلبۇلۇم



باغۇبوستان بىر بېھىشتۇر بەزمىگاھىڭ بۇلبۇلۇم،
بۇندا بار بەختىڭ بىنايىڭ ــ بارىگاھىڭ بۇلبۇلۇم.

بېكىنىپ بەھرىڭ بوغۇپ، بولما بۇرۇختۇرما بەندىسى،
باشلا بەزمەڭنى بەلەن، بولدى باھارىڭ بۇلبۇلۇم.

بەتبەخت بەزمەڭدە بولسا ، باغرى بەريان بىناۋا،
بەختىيارمەن بولغىنىمچۇن باغ باقارىڭ بۇلبۇلۇم.

1993- يىل 3- ئاي



#  مۇقام

مەشرىپىڭ ماغدۇر ـ مادارىم ، مۇشتىرىم مۇڭلۇق مۇقام ،
مۆھۇرىسەن مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ مىھرى مەپتۇنلۇق مۇقام .

مەھلىيامەن مۇڭلىرىڭغا مەستۇ مۇستەغرەق مەسەل ،
مەرتىۋەمسەن مۆھتەرەملىك مەۋجى مەرغۇللۇق مۇقام . . .

مەرھابا دەر مەملىكەتلەر مەغرىبى ـ مەشرىققىچە ،
مۇنتەزىردۇر مەنزىلىڭدە مەدھى مەقبۇللۇق مۇقام .

مەرىكە ـ مەشرەپلىرىمنىڭ مەنىسى ، موھتاجىسەن ،
مىڭ مۇبارەك ، مىڭ مۇشەررەپ ، مەڭگۈ مەشھۇرلۇق ، مۇقام .

1993- يىل 12- ئاي



# قانۇن

قۇتاتقۇم قوش قاناتىمسەن قېنىمدا قۇۋۋىتىم قانۇن،
قىلالماس قەست قارا قوللار، قورالىم - قۇدرىتىم قانۇن.

قاچالماس قۇترىغان قۇزغۇن، قۇرارسەن قاتمۇ قات قاپقان،
قەدىرلەيمەن قاراقىمدەك، قاياشىم — قولدىشىم قانۇن.

قورۇنماس قىلچىمۇ قەددىڭ، قەبىھلىككە قىيان قەھرىڭ،
قارارىڭدىن قۇچار قامەت، قەدىر ۋە قىممىتىم قانۇن.

قالاقلىقنىڭ قاناتىنى قەدەمدە قىرقىدى قايچاڭ،
قاۋاقفا قايىمغاي قۇددۇس، كى قەترە قىسمىتىڭ قانۇن.

قۇياشنى قارغىسا قاغا، قالارغۇ قېقىلىپ قارغا،
قاباھەت قاغا - قۇزغۇنغا قۇرۇلغان قىسمىقىم قانۇن.

1993- يىل 12- ئاي

#  كۆكلەم كۈيى

كەلدى كۆكلەم، كۈلدى كاككۈك، كەكلىك، كېيىك، كېپىنەك،
كەلدى كۆكتە كۈيچى كارۋان، كەلدى كۈندۈز- كېچىلەپ.

كەتكۈزۈپ كىرنى كۆڭۈلدىن، كۈلدى كۈللى كائىنات،
كىيدى كۆك كەچلىك كىيىمنى كەھرىۋادىن كەشتىلەپ.

كەڭرى كەڭلىكلەرنى كەزدى كوھى كەۋسەر كەلكۈنى،
كۆكسىدە كىيمە كارابى كۆپتى كۆللەر كۈۋەجەپ.

كۈن كۆرۈپ كاللا كۆتۈردى كۈدە - كۆكتات، كاۋىلار،
كالۋىتون كانارىدەك كۆركەم كۆرۈندى كۆپ تەرەپ.

كۆتۈرۈپ كۆكلەم كۆڭۈلنى، كىرىشتى كارغا كۈيلىرىم،
كۈي- كالامىم كۆركىچۈن«ك»نى كەلتۈردۈم كۈچەپ!...

1994- يىل 2- ئاي



# خروئسن

خروئسننىڭ خۇماربدىن خوراتتىڭ خانۇ مانىڭنى،
خازانۇ خاكسار خوپلاپ خۇشال خۇشرۇي خۇبانىڭنى.

خىيالىڭدا خاۋاتىرلىك، خارابە خانىدە خارسەن،
خۇمارىڭ خەجلىگەچ خالاپ خىراجدەك خۇن خۇنابىڭنى.

خۇنۇكسەن، خەستە خامۇشسەن، خىجالەتسەن خالايىقتىن،
خەتەرنىڭ خەندىكى خورلاپ، خارابلاتقاچ خۇشھالىڭنى.

خاتالىقتىن كى خاسلانساڭ خىزىر خانەڭدىدۇر خالىس،
خورىتالماس خىرىس خەيلى خەزىنەڭنى، خامانىڭنى.

خازان خەشخەش خەمەكزارلىقتا خىلۋەتتە خارابلاشما،
خەلق خۇرسەن، خالاسلانغىن، خروئسندىن خۇمارىڭنى!...

1995- يىل 1- ئاي





# چەككۆچى

چۇۋۇلۇپتۇ چاچلىرىڭمۇ چىرماش - چىرماش چاڭگىدەك،
چىلگە چېھرىڭ چاكى چاكتۇر چالماسمان چانغۇدەك.

چەيلىنىپ چوڭ چاققا چۈشتۈڭ چەكلىمەي چەككەنسېرى،
چۆلسىرەپسەن چىمپىيونلار چۆرۈۋەتكەن چاڭغىدەك.

چالا چاپتىڭ چاسلاردا چېدىيالماي چەكمىسەڭ،
چاڭ چىرايىڭ چاقا- چوقۇر، چوغ چالىغان چامغىدەك.

چىقمىسا چىمدىپ چېكىملىك، چاققىنىدەك چار چىۋىن،
چىرقىرايسەن چامدىمىڭدا چۆلدە چاڭقاق چارۋىدەك.

چىرقىرايسەن چۈشلىرىڭدە، چۆلدىكى چىلبۆرىدەك،
چىرقىراشلار چىققۇدەكمىش چېقىۋەتكەن چالغۇدەك.

1995- يىل 2- ئاي



# نەزملەر ۋە نەۋرىلەر

نەۋايى، نىزارى، نۆبىتى، ناقىس،
نەقىلگە نەزملەر نەقەدەر نەپىس.
نادانغا نەسىھەت، نامەردكە نەشتەر،
نۇجۇمى نايابتەك نۇرلانغان نەقىش.

نۇرانە، نەمۇدار، نادىر نەزملەر،
نەزمىكى، نەسەبداش ناۋا ـ نەغملەر.
نەسىلدىن ـ نەسىلگە نۇرلاندۇرغۇسى،
نىيىتى نەزمىگە نائىل نەۋرىلەر.

1997- يىل 5- ئاي

# چىرىككە چىۋىق

چىنارلىقتا چايىنىدىڭ چىلگە ،
چۆلدە چۆنەك چېپىشتا چاندىڭ .
چوكانلارنى چىللاپ چېپىڭغا ،
چىمەنزاردا «چارىگاھ» چالدىڭ .

چۈۋۈلغاننى چېتىپ - چاپلىساق ،
چاپقۇنلاردا چاڭغا چۆمۈلۈپ .
چايخانىدا چاقچاقتا چۈشتۈك ،
چىرايلىقنى چەنلەپ چۆرگىلەپ .

چاڭگىلىڭغا چىققاندا چۆمۈچ ،
چىڭقىۋالدىڭ چىنە - چۆچەكنى .
چۈجىلىرىڭ چەيلىدى ، چاچتى ،
چۆرۈۋەتكەن چۆچۈرە - چەلپەكنى .

چەتنىمىدىڭ چىرىكلىكىڭدىن ،
چاپتىڭ چۈۋۈق چەللىدە چاتاق .
چۆچۈمىدىڭ چىۋىقلىرىمدىن ،
چىقارسامۇ چاناقتىن چاپاق !...

چىلان چۇشەپ چىشلىدىك چوغنى ،
چاۋاك چۈۋۈپ چىتقا چىرماشتىك .
چۆلدەرىگەن چاڭقاق چىۋىندەك ،
چىرىندىگە چۆكتۇك - چىلاشتىك .

«چولپان»لىرىك چىقمىدى چاقناپ ،
چىللىساڭمۇ چاقىرغۇ چىپلىپ .
چۈنكى ، چۇشتۇك چىشى چاشقانىنىك
چاڭگىسىدەك چۈۋۈلۈپ چىرىپ !...

2001- يىل 11- ئاي





# تەكلىماكان تىنىقلىرى

تەكلىماكان تۈردى تەۋرەپ تىلسىماتلار تېگىدىن،
تىزىلدى تۇم تەزكىرىلەر تۇپا - تۇزان تېنىدىن.
تۆكلىرىنى تاراپ تۇرغاي تىلسىماتتىن تۇغۇلدى،
تۆكتى تارىخنامىلەرنى، تۆكتى تاتلىق تىلىدىن.

تەۋررۆكلەر تاۋلىنىدۇ تۇنۇر تاۋى - تەپتىمدە،
تۆنەر تارىخ، تەۋسىفلىرىم تىنىماس، تېرەن تەكتىمدە.
تۆرتۆپ تۆمەن تۇلپارلارنى تاجاۋۇزغا تىغ تارتقان،
تىلى، توخار، تۇرالارنىڭ تاجدارلىرى تەختىمدە.

«تەكتىماكان، تەكلىكماكان» ـــ تارىخىمدۇر تۇنۇلغان،
تەكە، توغاچ، تالزارلىرىم تۆت تەرىپى تۇسۇلغان.
تۆگە- تۆگە تاۋارلىرىم تۇپرىقىمدىن تىزىلىپ،
تايلاند، تۇنس، تاشكەنت، تولا، تېھرانغىچە تۇشۇلغان.

تۆگە، تۇلپار، تايلاقلىرىم تاقلىشاتتى توقلىنىپ،
تىجارەتلەر تالەي تاپقان تەڭگە - تىللا توپلىنىپ.
تۇم - تۇم، تەتقىق تۆھپىلىرىم تەۋسىفىمنى تاراتقان،
تېۋىپ، تىلماچ، تارىخچىلار تۇپرىقىمدا تۇغۇلۇپ.

تۇيۇقسىزلا تەبىئەتنىڭ تەلۋىلىكى تۇتقاندەك،
تىندۇرۇلدۇم تەڭرىنىڭمۇ توختامى تەڭ توشقاندەك.
تىندۇرۇلدى تەختىراۋان، تاڭشۇرۇلغان تۇلپارلار،
تىندۇرۇلدۇم تەۋرەپ توپا تاناۋىمنى تارتقاندەك.

تىنغاچ تۈگەل توي تۈسدە تەنتەنىلىك تەلئىتىم،
تەكتىمدىدۇر تاۋاپچىلار تەشنالارغا تەكلىپىم.
تەبرىكلىگەچ تەبىئەتمۇ تۇپراق توندا تۆھپەمنى،
تەكتىمدىدۇر تىخچىلا تىپىلمىغان تەرىپىم.

تىنغاچ تۈگەل تاج ـ تەختىم تۇغلىرىمدا تىتىلىش،
توشقان، تۈلكە، تىۋىلغىلار تارقاتمايدۇ تىن- تىۋىش.
تارىخىمغا تەستىق، تەقرىز تىپتىرلىقلار، توغراقلار،
تۆشۈك تاملار تۇرار تەمكىن تىلسىماتتەك تىپتىنچ!...

تىندۇرۇلغان توي، تۇرمۇشلار، تىنغان تەكزار، تىرەكلەر،
تىنغان تۈنەپ تىرىكلىكنى تىلەپ تالغان تىلەكلەر.
تىققاچ توپان تاۋۇتىغا تارىخ تەكلىماكاننى،
تىنەپ تەگسىز تەشۋىشلەردە تۆگەشكەندۇ تىرىكلەر!...

تالاي تۆگە توپلىرىدەك تۆپىلىكلەر ــ تۇپراقلار،
تەلقىن، تەسبىھ تۈنىكىدە تاقىر تاغلار،* توغراقلار.
تىلسىماتتا تىرە، تاۋار، تەتىللا تون، تامغىلار،
تەڭگە، تىللا، تومپۇر، تىيىن تولغان تەخسە ـ تاۋاقلار.

* تاقىر تاغلار ــ تەكلىماكاندىكى مازارتاغ قەلئەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىلسماتتا ئەختگاھلار، ئۇمۇچۇقلار، ئاۋۇسلار،
ئىلسماتتا ئەمى ئاتلىق ئەكە، ئوغاچ، ئاۋۇزلار.
ئىڭشىغانمۇ، ئەسەۋۋۇرمۇ ئالاي ئىلنىڭ ئەسۋىرى،
ئارقىلىدۇ ئۇشمۇ ئامدىن «ئاراڭ - ئۇرۇڭ» ئاۋۇشلار.

ئۇلۇم ئۆشلەپ ئۆگىلەرگە ئوشىتاكا، ئانابى*،
ئىغدا ئىلغان ئەنلىرىمنى ئوسۇلمغاچ «ئاۋابى».
ئاغار - ئاغار ئەۋەررۈكنى ئەۋەيگە ئوشۇغان،
ئاش - ئىكەنلەر ئېشىپ ئاپان ئارئىلسمۇ ئاناۋى!...

ئىرناق ئىقىپ ئارىخچىلار ئوكيو، ئورىن، ئالىندىن*،
ئاپتى ئالاي ئېپىلمىلار ئاپتى ئېرەن ئارىمدىن.
ئاپتى ئىڭشاپ ئىلسماتتىن ئەسۋىرىنى ئارىخنىڭ،
ئەن ئىترىتىپ ئىرىڭلىغان ئەمبۈرۈمنىڭ ئارىدىن!...

ئەكلىماكان ئۇردى ئەۋرەپ ئىلسماتلار ئېگىدىن،
ئارالدى ئاڭ ئەبەسسۇمى ئۇپراقلارنىڭ ئېنىدىن.
ئۈكلىرىنى ئاراپ ئورغاي ئەكزارلارغا ئىكىلدى،
ئۆكتى ئەھسىن - ئەشەككۈرلەر، ئۆكتى ئاتلىق ئىلدىن.

---

* ئوشىتاكا، ئانابى(شىئوزو) — بۇ ئىككى كىشى ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇپ، ئەكلىماكان خارابىلىكىدىن نۇرغۇن ئاسار - ئەتىقىلەرنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.
* ياپونىيە، رۇسىيە ۋە ئىتالىيىدىكى داڭلىق شەھەرلەر.

تۇرلۇك تىللىق تەقدىرداشلار تۈپرىقىمدا تېپىشقان،
تاتلىقنىمۇ، تاڭسىقنىمۇ تەڭ تېپىپ تەڭ تېتىشقان.
تەيخاڭشەندىن، تۇرپان، تارىم،تېكەس، تەگرىتاغقىچە،
تاش- تۈپرىقى تەنلىرىمنىڭ تومۇرىدەك تۇتاشقان.

توزىسامۇ تەگرى - تەقدىر تەڭكىشدە* تاسقىلىپ،
توزىسامۇ تەگلىرىمدە تام - تۇۋرۇك ۋە تاش قېلىپ.
تۆت مىڭ تومۇز تەلئىتىمنى تىنىق تاڭدەك تاۋلىدى،
تاقىماقتىمەن تەرەققىيات تەسۋىرىمدىن تاج تىكىپ!...

تىكلەندى تۇغ، تراكتورلار توپا تۇرتتى تىزىلىپ،
تىكىن - تومپاي تۆپىلىكلەر تەكشىلەندى تۇزلىنىپ.
تېرىپ تۇرۇپ، تەرخەمەكلەر تىكتۇق تالاي تال - تېرەك،
تىلىمىدۇق تەلەيلەرنى تەر تۆكمەيلا تىزلىنىپ.

تۇتاش - تۇتاش تۇرالغۇلار، تامچىپ تۇرغان تۇرۇبا،
تۇرمۇشنا تەل توخۇ، توپاق، توك، تېلېۋىزور، تويوتا.
تۇتاشقاندا تارىمغىمۇ تۇزلۇقئوتاغ، تەۋەككۇل،
تارتۇقلىنار تۆھپىكارلار تەنتەنىلىك تويلۇقتا.

تۆگىلەرنىڭ تاپىنىدىن تارتىپ «تۆمۇر تىزمىسى»،
تىرىلدۇردى تۇنجۇقۇشتىن «تۆمۇر تۇلپار» تۇيغۇسى.

---

* تەڭكەش ـــ ئەلگەك (يەرلىك شېۋە).

تېخىنكلىرىم تارتتى تۇرۇبا تاشقىنلىغان تەكتىمدىن،
تاڭلا تاڭدا تەكلىماكان تەنتەنىگە تولغۇسى!...

تەبەر، تومىس* تەرىپلىگەن تاۋابگاھمەن تەۋەررۇك،
تۇمەن، تاسپار، تاردۇش،تۇيغۇن* تۇپرىقىمدىن تەۋەللۇت.
تاپتۇق تارغاق، تون، توقۇلما... تاجاكا* نىڭ تەختىدىن،
تاپىمىز ھەم تاپالايمىز تەتقىقاتقا تەئەللۇق.

تەنتەنىدە تەكلىماكان تۇردى تىلسىم تېگىدىن،
تەبەسسۇم توي - تەنتەنىلەر تۇغدى تاڭدەك تېنىدىن.
تېتىكلەشتى تاپقاچ تورغاي تەرىپاتلىق تېمىنى،
تۇگىمەس توم تەزكىرىلەر تۇزەر تاتلىق تىلىدىن !

2001- يىل 5- ئاي

* تەبەر ــ (تەبەرى) ئەرەب تارىخچىسى(839 ــ 923)؛ تومىس ــ دانىيىلىك ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس، ئۇ مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىنى تۇنجى ئوقۇپ چىقىپ، دۇنياغا تونۇلغان ئالىم.

* تۇمەن ــ (؟ ــ 552)؛ تاسپار ــ (572 ــ 581)؛ تاردۇش ــ (576 ــ 603)؛ تۇيغۇن ــ (520 ــ 530) يىللاردا گۈللەنگەن پىشامشان، كرورەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرى.

* تاجاكا ــ تارىختىكى كرورەن بەگلىكىنىڭ خاقانى.

# ئانا

ئاتىدىلڭ ئابىهايات ئايىماي، ئانا،
ئاتىدىلڭ ئاغرىقلڭ ئاسرىماي، ئانا.
ئاھ، ئارام ئالمىدىلڭ ئايمۇئاي، ئانا،
ئارامسىز ئايىغىلڭ، ئايلىناي، ئانا.

ئازمىدىلڭ ئاجىزلىق ئاسار ئاقساشتىن،
ئاتىدىلڭ ئاشمانتا، ئاتىلا ئاشتىن.
ئاتىدىلڭ ئايرىماي ئامراق ئاداشتىن،
ئاشساگمۇ ئاتمىشتىن ئاھلىماي ئانا.

ئاتىدىلڭ ئالۇچا، ئالما، ئانارىلڭ...
ئاتىدىلڭ ئاتەشلىك ئارزۇ - ئارمانىلڭ.
ئاتىدىلڭ ئاشسمۇ ئازار، ئالۋانىلڭ،
ئارمانىلڭ ئاقلاشقا ئاتلىناي ئانا!...

2001- يىل 6- ئاي

#  بىلىم

بايلىقىم، بۇلىقىم، بەرىكىتىم بىلىم،
بىغۇبار، بىگۇمان، بەرھەقىم بىلىم.
بۇلۇتتا بازغىنتقان بۈركۈتۈم بىلىم،
بوشىماس بەھرىڭدىن بەيئىتىم بىلىم.

بەھرىسىز، بېلى بوش بىلىم بىلىشتىن،
بەھرىسىز باياشات، بايلىق، بېيىشتىن.
بەھرىمەن بولۇشقا باغۇ بېھىشتىن،
بېزەلسۇن — باغرىمدىن بىر بېتىم بىلىم.

بىلگەننى بۇلاڭچى بۇلاپ بارالماس،
بوياقچى بويالماس، بازغان بۇزالماس.
بىلگەننىڭ بەختىنى بىراۋ بوغالماس،
بۆسۈشتە باھادىر بەيگە ئېتىم بىلىم.

2001- يىل 6- ئاي



# سېغىندىم 

سەرۋى سۇلكەت سىياقىڭنى سېغىندىم،
سۇبھىدەك ساپ سىيمايىڭنى سېغىندىم.
سۆيگۈدىكى سىناقىڭنى سېغىندىم،
سوئال، سەھەت - سالامىڭنى سېغىندىم.

سەبدە، سۇمبۇل سويلاپ سەلكىن سابادا،
سۇندۇك، سوپى، سۇرەن سالسا سامادا.
سازلىشاتتۇق سۆيگۈمىزنى ساتاردا،
ساز سېھرىدەك سادايىڭنى سېغىندىم.

سىنەم ساڭا سوۋغىتىمدۇر، سۇنايمەن،
سارايىڭنى سەۋدالارچە سورايمەن.
سەنمۇ سۆيگەن سېھرىلىنىپ، سۆيەيمەن،
سۆيگەندىكى ساۋابىڭنى سېغىندىم.

سۇت رەڭ سىلىق سەھىپەڭ ساپ سۇبھىدەك،
سۇرۇپ سالما سىياھ - سىرنى سۇرمە دەپ.
سىزىۋالاي سۇرىتىڭنى سۆيگۈدەك،
سۇزۇك سۇدەك سىپاھىڭنى سېغىندىم.

2001- يىل 7- ئاي

# كېلىنچەك



كۆيسە كۆڭۈل كۆيۈپ كەلگەن كېلىنچەك،
كېيىك كۆزلۈك كۈلۈپ كەلگەن كېلىنچەك.
كۆپنى كۆرگەن، كۆرۈپ كەلگەن كېلىنچەك،
كۆپ كارىغا كۆنۈپ كەلگەن كېلىنچەك.

كاۋا، كۈدە ـ كۆكتاتلارنى كۆكەرتىپ،
كالا، كەپتەر، كەكلىكلەرنى كۆپەيتىپ؛
كەمبەغەللىك كاساپەتنى كېمەيتىپ،
كەسپلەرگە كۆچۈپ كەلگەن كېلىنچەك.

كېڭەيتتى كەڭ كارخانىنىڭ كەسپىنى،
كاللىسىدا كېڭەشكەن كۆپ كەشپىنى.
كۈللى كۆردى كەنت كۆكسىدە كەشتىنى،
كالۋالىقنى كۆمۈپ كەلگەن كېلىنچەك.

كۈيەرىنى كارامەتتىن كۈلدۈرۈپ،
كۈل رەڭ كاناپ كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرۈپ.
كەسپى ـ كارىغا كۆڭۈلدىن كۆيۈنۈپ،
كۆپ كۆيۈنۈپ كۈتۈپ كەلگەن كېلىنچەك.

2001- يىل 8- ئاي

# ياشلىقم

يېتىۋالدىم يار يېنىغا يۆگمەچتەك يامىشىپ،
يايرىدى يالغۇز يۈرەك يۈرگەندە يارغا يارىشىپ.

يول يىراقى يارغا ياخشى، يۈرەك يىراقىدۇر يامان،
يۇغۇرۇلدۇق ياش يۈرەكلەر، يەككىلىكتىن ياتلىشىپ.

ياشىندۇق يېقىنلىشىپ ياغقانسېرى يىل يامغۇرى،
ياشىندۇق يىل - يىلسېرى يان يولدا ياتماي ياشنىپ.

ياشنىمامدۇ ياشلىقىم يۈرسە يېنىمدا ياخشى يار،
يارمۇ ياخشى يۈرتىمىزنى ياشنىتىشقا ياندىشىپ.

2001- يىل 9- ئاي



# ئاشقىگمەن

ئاشقىگمەن ، ئاھلىرىمنى ئاڭلىمامسەن ئامرىقىم ،
ئالما ئاتماي ئاتەش ئاتتىلىك ، ئاسرىمامسەن ئامرىقىم .

ئايۋىنىگدىن ئاي ئالايچۇ ، ئالمىزاردىن ئالمىلار ،
ئاشۇ ئاستانەگنى ئاچماي ئازدۇرامسەن ئامرىقىم .

ئاي ئاقاردى ئاخشىمى ، ئاسماندا ئالتۇن ئايىمى ،
ئايهاي ، ئاقلىق ئالەمدە ئايلىنامسەن ئامرىقىم .

ئايلىنىپ ئاشكارىلان ، ئاشقىلىك ئالسۇن ئارام ،
ئاه ، ئازابلىق ئاھلىرىمدىن ئايرىمامسەن ئامرىقىم ؟

ئايۋىنىگنى ئاچ ، ئازار ئاتساگمۇ ئاڭا ئالدىناي ،
ئابىچەشمەم ئاقسا ئايلاپ ، ئالدىمامسەن ئامرىقىم ؟!

2001- يىل 9- ئاي



# چۈش



چۈشلىرىمدە چاقناپ چولپىنىم،
چەكسىزلىكتىن چۈشمەي چىللىدىڭ.
چاچلىرىڭمىش چېچەك چوكىنىم،
چىقارماققا چىگىپ - چىرمىدىڭ.

چاچارمىشسەن چىللاق چاچقۇسى،
چوغ چايقىتىپ چىراي - چېھرىڭدىن.
چېچىلارمىش چۆگۈن چەشمىسى،
چاڭقىشىمغا چۈچۈك چېپىڭدىن.

چىدالمىدىم چۈشكۈن چۈشۈمگە،
چىرايىڭنى چۈمكىمەي چولپان.
چۆمۈۋالاي چۆكۈپ چەشمەڭگە،
چىرايلىقىم، چىقارما چۇقان!...

چۆچۈتمىگىن چىقىرىپ چۆلگە،
چىم، چىغىرلىق چىمەنلىرىڭدىن.
چېكىۋالاي چاچۈرۈك چىلگە،
چىتانلانغان چۈنەكلىرىڭدىن.

جۆمبىلىگنى چۆرۈۋەت چولپان،
چىرايىڭدىن چىقىن چىقىلسۇن.
چىرمىشىپ چىلك چىچەكۇ چوكان،
چۆشلىرىمىز چۆشكە چىتىلسۇن!...

2001- يىل 11- ئاي



#  هازازۇلغا ھەجۋىي

هاياتى هازازۇلنىڭ ھەيۋىسىدە،
هۆكۈمران هاكاۋۇرلۇق هىيلىسىدە.
هوقۇقى - هۈنىرىدىن هۇزۇرلىنار،
ھەمىشە ھەشەمەتىنىڭ ھەۋىسىدە.

هىيتلىتىپ «هالۋىسى»دا هىسامەتنى،
هاپلايدۇ «هارۋىسى»دا هىساباتنى.
هىجىلاپ هىدايەتنى هىمايەتكە،
هارامدىن هازىرلايدۇ هالاۋەتنى.

ھەتتا ھەم هاقارەتلەپ ھەقىقەتنى،
هوشيار ھەق هىسابلايدۇ هاماقەتنى.
هامانە هارۋىسنى هاڭغا ھەيدەپ،
هاپاشلار ھەلقۇمىدا هالاكەتنى!...

2001- يىل 11- ئاي



# ئاپىرىن ئادىل



ئارزۇيۇ ئارماندا ئاسماندا ئادىل،
ئارقاندىن ئاياغچە ئاشقاندا ئادىل؛
ئاڭلاندى ئاۋامدىن ئاپىرىن، ئالقىش،
ئاھ ئايغا ئايلىنىپ ئالغاندا ئادىل.

ئايلىنىپ ئاتاقلىق ئاقىل ئادەمگە،
ئاخباردا ئابرۇيى ئاقتى ئالەمگە.
ئامانلىق ئاتالدى ئاشۇ ئايەمگە،
ئالەمچە ئاتاقنى ئالغاندا ئادىل!

2001- يىل 11- ئاي



# شياڭگاڭ شەنگە

شەرقنىڭ شەرىپى - شانىدۇر شياڭگاڭ،
شولىسى شەمسىدەك شامىدۇر شياڭگاڭ.
شېئىرىمدا شوخلاندى شانلىق شەجەرە،
شەھەرلەر شۆھرىتى، شاھىدۇر شياڭگاڭ.

شۈلگەندە شەيتانلار شۇبۇ شەھەرنى،
شوراپ شال - شۆلگەيدە شېرىن - شېكەرنى.
«شاپائەت» شورىدىن شاپىلاقلاندۇق،
شىلتىغاچ شەرمەندە شۇملۇق شەمشەرنى.

شوخشىدى شەرقتىن شەپەق شەلپەرەڭ،
شۇڭغۇدى شىۋاققا شۇئان شەپەرەڭ.
شادلانغاچ شەۋكەتلىك شەھرىمىز شياڭگاڭ،
شۈكلىدى شۈمشىيىپ شۇندا شاھ پەرەڭ.

2001- يىل 11- ئاي



#  تەمبۇرۇم

تېپىلماس تەۋسىپتە تەڭداش تەمبۇرۇم،
تاۋۇشۇڭ تاغلارغا تەۋرەش تەمبۇرۇم.

تاۋۇستەك تۇرقۇڭدا تەققاس تەڭرىتاغ،
تارلىرىڭ تارىمغا تەڭكەش تەمبۇرۇم.

تەزىگە تۈزسەم تىلىڭنى تىنچلىنىپ،
تىڭشىغاي تورغاي، تۇمۇچۇق تەمبۇرۇم.

تالمىدى تىرناق تىتىلدى تاڭغۇچە،
تارقىدى تەندىن تۈگۈنچەك تەمبۇرۇم.

تۆردىسەن تەكلىپ، تاماشا تەختىدە،
تۈگىگەي تاۋى تۇيۇقلۇق تەمبۇرۇم.

2001- يىل 12- ئاي



# پەسكەش 

پۇركىنىپ پەرىشتىنىڭ پەردىسىنى،
پوستۇڭغا پۇركۇپ پاكلىق پەردىزىنى.
پىكرىڭگە پىخسىقلىق پەس پارا پۇكتۇلۇڭ،
پەملەپ پۇل، پاراغەتنىڭ پەللىسىنى.

پەسلەپ پەم- پاراسەتنى پەردىلىدىڭ،
پارىخور پاسىقلارنى پەپىلىدىڭ.
پىشۇرسا پىچما پاقلان، پولۇ، پوشكال،
پەش پۇرار پىستىلەرنى پەتىلىدىڭ.

پەزىلەت پارلايدۇ پەس - پەگاھتىمۇ،
پاتقاققا پاتار پەسكەش پەرۋازدىمۇ.
پەللەنمەس پۆۋلەككە پاك پەم - پاراسەت،
پەللەنمەس پۇزۇر فورما، پەردازغىمۇ.

پۇشقۇرتۇپ پار - پۇر پۇزۇر پابىدىنى،
پاتقۇزالماي پايپېتەكسەن پايدىنى.
پارتلىمامدۇ پەيتىدە پوتەي كەبى،
پەشلىرىڭنىڭ پارىدىن پومپايغىنى!

2001- يىل 12- ئاي



# ئالتۇن ئارماندا

ئالدايمەن ئالەمشۇمۇل ئالىمنىمۇ ،
ئايلىنىپ ئاسمانۇ ئاي ، ئالەمنىمۇ .
ئاجىزمەن ئالالمايمەن ئاسايىشقا ،
ئاقچىسىز ئاچ ئازابلىق ئادەمنىمۇ .

«ئاددىي» غا «ئاتاقلىق» تىن ئاشامدىمەن ،
ئارزۇلۇق ئالتۇنمەنۇ ئارماندىمەن .
ئاگىلسۇن ئاۋازىمنى ئاجىزەلەر ،
ئايەملىك ئارامىمنى ئالامدىمەن ؟...

2001- يىل 12- ئاي



# خەير، خۇشامەتچى

خالىمايمەن خۇشامەتچى خوش - خوشۇڭنى،
خالىمايمەن خۇنۇك، خەتەر خۇش خۇيۇڭنى.
خۇدۇكسرەپ، خۇلقلىنىپ خەير چىدەك،
خىيالىڭدىن خوراتمايسەن خۇسۇسىڭنى.

خاھ خەنجەرلىك خىرىسچىسەن، خاھى خىزىر،
خاھ خىنىمدەك خۇلقىلىقسەن، خاھى قېچىر.
خۇيلا خوش- خوش خورجۇنۇڭغا خەزىنەڭنى،
خوشلىشايلى، خۇشامەتچى، خەير - خوش، خەير!...

2001- يىل 12- ئاي



# ھايات ھېكمىتى 

ھالال ھوسۇل ھەددىسىز ھۇزۇر- ھالاۋەت،
ھاياتقا ھەم ھېكمەت، ھەۋەس، ھارارەت.
ھارام ھۇللۇق ھەشەمەتلىك ھۇزۇرىدا،
ھەق ھۆكۈمدۇر، ھۇۋلار ھامان ھالاكەت.

ھارامخورلۇق ھامىلىمۇ ھايۋاندىن،
ھۆپۈپچىلىك ھېيىقمايدۇ ھارامدىن.
ھۇمايۇننى ھويلىمىزدىن ئۈركۈتەر،
ھەسەتلىنىپ ھىدايەتلىك ھاياندىن.

2001- يىل 12- ئاي



# باھار بەزمىسى

بېدە، بېدىشلەر بىخلىدى، بۇ ــ باش باھارنىڭ بەلگىسى،
بېزەلدى بوستان، باغ بەلەن، باشلاندى بۇلبۇل بەزمىسى.

باغلاق، بېكىكتىن بوشىدى بوتىلاق، بۇقا ھەم بۇغىلار،
بارغاي بۇلۇتلار باغرىدا بۈركۈت، بېلىققۇش بەيگىسى.

بوزلۇق بىنەملەر بېتىنى بۆستى «باھادىر بۇقا»لار،
بۇ ھال بېھىشنىڭ بەھرىدىن بالدۇر بېشارەت بەرگۈسى.

بوۋىسىنىڭ باغرىنى باخ - باخلىتىپ بۇدرۇق بوۋاق،
بولدى «بەھ - بەھ» ئەتكۈدەك «بويناق»نى بۆشۈك بەندىسى.

بەندەردە «بۇيرۇق»بېرىشەر، بەس - بەستە «باتۇر» باللار،
بار «بەشئاتار»ى بوينىدا، بېلىدە «بۇرغا»، «بومبا»سى.

بۇلاق بېشىدا بەزىسى «بۇلدۇق»لىغانىغا بېقىشار،
بىلەكلىرىدە بوخچىسى، بۆكلەرگە باسقان بېدىسى.

بەخت بېغىشلاپ بۇ باھار، بىزنى بېھىشكە باشلىغاي،
بال بەرگۈسى باغ بەھرىدە بەرگى، بادام ھەم بېھىسى...

2001- يىل 12- ئاي

# پارىخور

پەردىلەنگەچ «پەم - پاراسەت» «پاكلىقلىك»دىن پارىخور ،
پۇل پېيىدە پارازىتسەن ، پەسلىكىگدىن پارىخور .

پارىسزنىلك پەيتى پىشماي پەشلىرىگدە پايپېتەك ،
پۇرستى پۇتتى پىراقتا پەللىشگدىن پارىخور .

پارا پوملاپ پەمچىلەر پۇل پەيزىدە پەرۋازلىدى ،
پاراغەتنىلك پەغىزىگە پۇۋلىشگدىن پارىخور .

پېدىگەن ، پۇرچاق پۇتاقى پۇرلەشتى پايەلك پەنجىدە ،
پارقىرار پۇچەك پېلەكلەر پەرۋىشگدىن پارىخور .

پەرىزاتلار پەيزىدە پەرمانىنى پۇتتۇلك پايدىغا ،
پەنىرىمۇ پارلىدى پات پەرلىشگدىن پارىخور .

پاسىبانسەن پىستىدەك پەش پۇرىغان پۇلدارلىغا ،
پۇتلىدىلك پۇلسزنى پەسكە پەشتىقگدىن پارىخور .

پىل پۇتىدەك پومپىيىپ ، پەلتۇ - پەرىجەلك پاتمىدى ،
پۇۋلىگەچ پۇۋلەمچى پەستە پەللىكىگدىن پارىخور .

پاربدىن پۆتتى پۈزۈر پار - پۈر پىشايۋانىڭ پۆتۆن،
پىشتى پالەك، پەمىدۈرمۇ پارىنكىگدىن پاربخور.

پەيزىلىك پەرۋازدا سەن پىكرىڭ پەخەسلىك پۆكمىدى،
پاخشلانغان پاراشوتتەك پەسلىشگدىن پاربخور.

پاخپىيىپ پوستۇگغا پاتماي، پاتقاقتا پاتتىڭ پۆكلىنىپ،
پايدا پۆتمەي، پلانبتىدەك پارلىشگدىن پاربخور!

2001- يىل 12- ئاي



# ئىلھام چېقىنلىرى

غوۋغايۇ غەليانىنىڭ غەلىبىسى غەيۋەت،
غاپىللار غۇرۇرى، غەلۋىسى غەيۋەت.
غەيۋەتكەش غۇلىتار غەنىلەرنىمۇ،
غۇربەتۇ غەمكىنلىك غۇلۋىسى غەيۋەت!

*          *          *

كىرىشمە كەيپكە كەلتۈرەر كۈلپەت،
كۆيۈنۈپ كەسپىڭگە كەشپىيات كۆرسەت.
كۆمۈلۈپ كەتسەڭمۇ، كەشىپ كۆمۈلمەس،
كۆمسە كىم كەشپىنى، كۆزىنى كور ئەت!

*          *          *

تەۋەككۈل تەختىدىن تالەي تەھتىلەپ،
تۇرمىغىن تەمەدە تەييارنى تىلەپ.
تەر تۆكمەي، تۇپراقمۇ تېرىق تەڭلىمەس،
تىرىشماي، تېۋىنما تۆت تامغا تېنەپ.

*          *          *

ياخشىلىق يار قىلغان ياتمۇ يېقىملىق،
يامانىنىڭ يېنىدا يەتكەي يېتىملىق.
ياخشىغا ياراغ بول، ياماندىن يىراق،
يۈرەكتىن يۈرەككە يېتەر يېقىنلىق!...

*          *          *

ھاياتلىق ھەرىكىتى، ھېكمىتى ھەر خىل،
ھارارەت ھەم ھوسۇل ھەر تۈرلۈك ھەر يىل.
ھەتتاكى ھالالغا ھۆرپىيەر ھارام،
ھازازۇل، ھازىدار، ھېيتلىشار ھەزىل!...

* * *

زامانەم زوقى زېھنىم زەر - زىياسى،
زۇھەلدەك زاھىر زىكرىمدە زىباسى.
زورلىسا زاغى - زۇغەن زاۋاللىققا،
زارلىتار زەربەمنىڭ زور زىلزىلاسى.

* * *

ئالىملار ئاۋازىدىن ئاگلىسۇن ئالەم،
ئادەملەر ئايدىمۇ ئالماقتا ئارام.
ئارمانلار ئايلاندى ئالتۇنغا، ئايھاي،
ئالسۇنچۇ ئالقىشلاپ ئالىقانغا ئانام.

* * *

بىلىمنى بىلىشنىڭ باردۇر بىرلىكى،
بېرىلگىن بىلىمگە، بىلسەڭمۇ بەلكى.
باھادىر بولساڭمۇ، بولما بىخەتەر،
بەرھەقتۇر بىلىمنىڭ بەخت بەرمىكى.

* * *

جەزىرەڭ جەملىگەن جەننەت جەزبىسى،
جىسمىمغا جان — جورا جاپا - جەبرىسى.
جانانىنىڭ جاۋاھىر - جەۋھەرلىرىدەك،
جۇلالار جاگگىلىك جىرا - جىلغىسى!...

*          *          *

ۋۇجۇدۇمدا ۋەتەن ۋەسفى، ۋەتەن ۋەسلى،
ۋارقىرىماسمەن ۋائىزلاردەك ۋەھى ۋەزنى.
ۋەدەم ۋەدە، ۋاز كەچمەيمەن ۋىجدانىمدىن،
ۋىسالىمدۇر ۋەتەن ۋەجى، ۋاپا ۋەزنى.

*          *          *

دوست دېسەڭ، دوستلۇقنى دائىم داۋام ئەت،
دىلىڭغا دۆۋىلەنسۇن دۇرۇس - دىيانەت.
دانانىڭ دوستلۇقى دىللارغا دەرمان،
دىلبىرى دىللارغا دەۋەت - دالالەت.

*          *          *

يارىشاركەن يارغا يار، يان يولدا يۈرسە ياندىماش،
ياندۇ يالقۇن ياساپ، ياش يامغۇرىدا يالتىراش.
ياسىنىشقان يەسمەندەك ياندى يارلار ياندىشىپ،
ياندى يايراپ، ياخشىلىق يار، يات يامانلاش، ياتسىراش.

*          *          *

كۆردۈما كۈندىن كۆزۈڭنى، كىرپىكىڭنى كېچىدىن،
كۆپ كۈتۈپ كەتتى كۈنۈم، كەزدىم كېتەلمەي كوچىدىن.
كەلمىدىڭ كۈلبەمگىمۇ كۈلكە - كەرەشمەڭ كۆرسىتىپ،
كەلدى كۆكلەم كارۋىنى، كاككۇكمۇ كەلدى كۈيچىدىن.

*          *          *

كېيىك كۆزۈڭدىن كەرەشمەڭنى كۆرۈپ كېتەيمۇ،
كېچە كەبى كىرپىكىڭگە كۆيۈپ كېتەيمۇ؟

كۆڭلىڭنى كەلكۈنسىمان كۆتۈرسە كۆكسۈڭ،
كىر كۆڭلۈڭنى كەلكۈنۈڭگە كۆمۈپ كېتەيمۇ ؟...

* * *

سوقتى سەھەرنىڭ سەلكىنى، سەنەمنى سەگىتتى سابا،
سىلكىندى سۇمبۇل سەرۋىلەر، سۈزۈلدى سۈبھىدىن ساما.
سايراپ سېغىزخان، سوپىياڭ، سۈندۈكمۇ سازىن سارلىدى.
سولدۇم سۈكۈتتە سارغىيىپ، سەزمەي سېنىڭدىنلا سادا.

* * *

بىۋاپاغا بەند بولۇپ بەسي بىتاپمەن بىداۋا،
بەزمىسىز باغ بۇلبۇلى، بولدۇم بىچارە، بىناۋا.
باشتىلا بولغاچ بىخەست باغرىڭنى بىلدىم باغ، بېھىش،
باتنىغاندا بەتبەشرە بولدۇڭ بېشىمغا بىراۋا!...

* * *

تەخسكەشلىك ـ تەييار تاپىنىڭ تاپاۋىتى،
تەر تۆكمەيلا تويۇنۇشتۇر تىلاۋىتى.
تۆر تالىشىپ تىزلىنىشتىن تاپقاي تالەي،
تۆرىلەرنىڭ تاپىنىدا تاۋابىتى.

* * *

دەردىمگە داۋايى دورىدۇر دوستلۇق،
دوستنى دەپ دوڭغايسام، دۆلىتىم دوكلۇق.
دۈشمىنىم دېۋەيلەپ دەزلىسە دىلنى،
دۇرۇستۇر دەممۇدەم دۇمبالۇ دوقلۇق.

* * *

خۇشامەتخۇمارنىڭ خۇلقى خېنىمدەك،
خەلققە خادىدەك، «خان» غا خېمىردەك.

خۇسۇسچۇن خازاندەك خارلىسا خەقنى ،
خۇشالدۇر ، خاتاسىز خۇددى خىزىردەك .

*  *  *

غۇرۇرۇمنى غۇلىتالماس غەم ۋە غۇربەت ،
غۇلىتالماس غەلەت غەرەز ، غوۋغا ، غەيۋەت .
غەيرىتىمدىن غىچلا غەمدە غادايغانلار ،
غاپىللىقنىڭ غۇلۋىسىغا غەرق غەپلەت .

*  *  *

ئۇيۇشقاق ئۇخلىماي ئۇتار ئۇلۇغلۇق ،
ئۇپرىماي ئۇچار ئۇ ، ئۇزار ئۇتۇقلۇق .
ئۇرۇشقاق ئۇقمىغاچ ئۇياتنى ئوبدان ،
ئۇششۇقلۇق ئۇنىڭغا ئۇدۇم ، ئۇرۇقلۇق .

*  *  *

ئەلگە ئەجىرىڭدىن ئەقىدە ئەيلىگىن ،
ئەلنى ئەسرار ، ئەلنى ئەپرات ئەيلىگىن .
ئەل ئەزىزدۇر ، ئەلنى ئەخمەق ئەيلىسە ،
ئەسكىبۇي ئەۋرەزدە ئەخلەت ئەيلىگىن .

*  *  *

روھلاردىن روھلانغان رايى- رىغبىتىم ،
رەتلىدى رەڭمۇرەڭ رىسالە رىتىم ...
رەقىبكە رەددىيە ، رەپىقكە راھەت
راسلىسا رەنجىدىن رازىدۇر رەھىم .

1996- ، 2002- يىللار ، قاراقاش

# مۇختەشبە ۋە تۇيۇقلار

# ئوغلۇمغا مۇختەشبەھ *

بەس، يېتەر ئوغلۇم يولۇڭدىن ئازغىنىڭ،
قايت بۇياق، پارلاق نۇرانە يولغا كىر.
سەن ئۇلاپ ئەتىر ئېچىلدى ئازغىنىڭ،
ياشنىتىپ قوندۇرما چاڭ ھەم زەررە كىر.

دېمىگىن: «سەۋەن، گۇناھىم ئازمىدى،
ئى ئاتا، قانداق بارارمەن يۈز قارا؟!»
تونۇساڭ، دەيمەنغۇ ئوغلۇم ئازمىدى،
كەلگىنە، غەمكىن كۆزۈمگە بىر قارا!...

1994- يىل 6- ئاي، قاراقاش

* مۇختەشبەھ ئەرەبچە سۆز، يەنى تۇيۇق(مۇختەمىلات)نىڭ ھەمراھى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مەنىدىكى سۆز بولۇپ، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى مۇختەمىلاتنىڭ مۇختەلىق شەكلىدىن كېيىنكى يەنە بىر ھەمراھىدۇر. مۇختەشبەھتە 1-، 3- مىسرا ۋە 2-،4- مىسرالار باشقا - باشقا مەنىگە ئىگە شەكىلداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. بەزىدە ھەم قاپىيىداش، ھەم شەكىلداش بولۇپ كېلىدۇ.

# سۆيگۈ دىئالوگى

سەن دېدىڭ : ئاسقىن ماڭا ئالتۇن، كۈمۈش،
دېگىنىمدە بىر قاراپ قوي، بىرلا كۈل.
توغرا بولسا سۆيگۈنى پۇلدا كۆمۈش،
دوزىخىڭدا چىن ۋاپا بولماسمۇ كۈل ؟!

سەن دېدىڭ : پۇل بولسا مەن بار، ئال قېنى،
مەن دېدىم : سەندىكى ۋىجدان، ئار قېنى ؟
پۇلنى دەپ ئېچىلسا قىزنىڭ ئالقىنى،
سۆيگۈنى بوغامدۇ پەسلىك ئارقىنى ؟

1995- يىل 8- ئاي





# ئەل ۋە ئەمەل

ساختا ئىرپان، لاپ ئىلە تۇتسالڭ ئەمەل،
چانغاي ئۇ، ئالتۇن چېچىپ بەرسەڭمۇ ھەل.
مۇھىمى، ئەھدىڭگە چىن قىلغىن ئەمەل،
ئەل ئۈچۈن قىلغىن جاپا ـ مۈشكۈلنى ھەل.

شۇندىلا خەلقىم سېنى دەر «بولدى ئەل»،
ھەم ساڭا مېھرى ئاقار گويا كى سەل.
گەر سېنىڭدىن زەررىچە ئاغرىنسا ئەل،
سەن ئۇنىڭغا قارىما ھەرگىزمۇ سەل!...

1996- يىل 3- ئاي





# كەل، نىگارىم

كەل نىگارىم، سەيلىگە راسلاندى باغ،
بەزمىدە ئويناپ ئۇسسۇل، چاينايلى ياغ.
باغلىنىپ قالدىم ساڭا، ئەشتىڭمۇ باغ،
دىلغا راھەت يامغۇر ئۇل، باغرىمغا ياغ.

بىر كۆرەي، قانسۇن يۈرەكنىڭ ئارمىنى،
چىشلىشىپ يەيلى شۇ چاغ جۈپ ئالمىنى.
بوغمىسۇن ھىجرىڭدە نومۇس - ئار مېنى،
ئەسلىگىن، يادىڭغا ھەر چاغ ئال مېنى.

1997- يىل 10- ئاي





# دىل فونتانلىرى

ئىشق سەۋدادىن يولۇڭ توسسام چىرايىڭ تۇرمىدىڭ،
«يا ئاڭا بولسۇن تەسەللى» دەپ خۇمارلىق كۈلمىدىڭ.
«كەت سارالڭ » دەپ يا مېنى ھەيدەشكە يەڭنى تۇرمىدىڭ،
شۇنچە كۆيدۈرگەن بىلەن بىر چوغى ئۆچكەن كۈلمىدىڭ ؟!

*　　*　　*

ئەي گۈزەل، كەلدىڭ گۈزەللىك بابىدا مىڭغا تاۋاپ،
گۈل ئىزىڭدىن مارىغان پەس شۇم نىيەتلەرنى ساۋاپ.
پاك، ئېسىل ھۆسنىڭ بىلەن قىلماق بولۇپسەن ھەج - تاۋاپ،
بىر قاراپ قوي، ئاشىقىڭمەن، بۇندا ئارتۇقتۇر ساۋاب.

*　　*　　*

ئەي نىگارىم، سەن تۇغۇلغان مەن شۇ يۇرتنىڭ دەردمىنى،
ئۆز كۆرۈنگەن قىر - ئېتىز، دېھقان ۋە ھەتتا كەتمىنى.
ئىزدىتىپ كەلتۈردى بۇندا سۆيگۈدىن بىر دەرد مېنى،
ئەمدى كۆر سەتمەي جامالىڭ دېمىسەڭچۇ كەت، مېنى!

*　　*　　*

ئەي جانان، كەلگىن بېرى، يوقتۇر يولۇڭدا چەكلىمە،
كەل، كېچىكمەس سۆيگۈ ئەسلا ئۆتكەن ئىشنى ئەسلىمە.
جۈپ بولۇپ ئىككى يۈرەك شاد مۇڭ تۆكۈشسە چەكلىمە،
تاپسا ھىجران خۇش ۋىسال، پۈتكەي گۈزەل بىر ئەسلىمە.

* * *

كەل، ۋابالغا كەتمىسۇن ئىشقىڭدا دەردلەر چەككىنىم،
كۆنۈ تۆن ۋەسلىڭنى دەپ ئۆستەڭمۇ دەريا كەچكىنىم.
ئاخشىمى ئايدىن سوراپ تەمبۆرنى مۇڭلۇق چەككىنىم،
كەل جانانىم، ھېلىھەم يوقتۇر سېنىڭدىن كەچكىنىم.

* * *

ئۆگدى، تالقان ئەيلىدى روھىمنى ئىشقىڭ تۆگمىنى،
گاھى قىلدى پەش، چېكىت، دىش گاھ ئىلىپتەك تۆز مېنى.
چاچما خاك دەپ زىر- زىۋەر مەن دىل قېتىڭغا تۆگ مېنى،
« ئاشىقىڭمەن » دەپ قۇراشقاي شۇ ھەرپتىن تۆز مېنى.

* * *

قېنى ۋەدەڭگە ۋاپا، كەلمىدىڭ، ھەي كەلمىدىڭ،
خۇش تەبەسسۇم ناز ئىلە يا چۆشلىرىمگە كىرمىدىڭ.
ياكى ھېسسىياتسىز گۆزەل بىر مەبۇدە ھەيكەلمىدىڭ،
يۇسا ھىجران ياشلىرىمۇ ئېرىمەس داغ - كىرمىدىڭ ؟!

* * *

بىر گۆھەرمىشمەن چۆشۆمدە باغلىغان زەر تاسمىنى،
دېگۆدەكمەن ساڭا يارىم بەك ياراشقاي ئاس مېنى.
غەيرىي بىر قول سوزۇلۇپ تۇرغاندا پەيلەپ تاس مېنى،
ئاسقۇدەكسەن كۆكرىكىڭگە نۇزلىنىپ ئىشق ئاسمىنى!...

* * *

«خوش» دېمەي، چىن ياشاش مۇقەددەس ئەركىم،
ئۇ غالىب قورالىم تۇتۇشسۇن بەل كىم.
گەر دېسە خوش - خوشقا ھېرىسمەن ئەركىم،
مەن دەيمەن ئۇ پەسكەش پارىخور بەلكىم.

*　　*　　*

ياشنىتار ئىنسانىنى ئىلىم ـ پەن، ئەمگەك،
ئۆزىنى خورىتار جاپادىن بەزگەك.
بولمىسا ئەسلىدىن هالال سۈت ئەمگەك،
ئۇ بولغاي ئاخىرى كىسەلمەن، بەزگەك.

*　　*　　*

خەلققە بولاي دىسەڭ ھەقىقىي ئەل،
دەردىگە بولغىن داۋا قىل، ئىشىنى ھەل.
ئەگەشكەي شۇندا ساڭا كۆپ ئاۋام ـ ئەل،
مەن ھەق دەپ بەرمىسەڭمۇ ئۆزۈڭگە ھەل.

*　　*　　*

نان قەدرىنى بىلمەككە سەپەرگە ئاچ چىق،
مىڭىپ باق پىيادىمۇ، يۈرمە ئاتلىق.
تىپتىغاي شۇندا ساڭا تاتلىق ئاچچىق،
ئەل ئىچرە بولمىغايسەن يامان ئاتلىق!

*　　*　　*

ئەلنى سۆي، ئەلگە ئىشلەپ تاپقىن ساۋاب،
ئىز قالدۇر، ئەل بەختىچۈن مىڭغا تاۋاپ.
ئەلگە كىم قىلسا ئازار هارما ساۋاب،
ئەل ئۈچۈن كۆيگەنلەرنى قىلغىن تاۋاپ.

*　　*　　*

نادانىنى دانالىققا ئۈندىمەيمەن،
ئىزنىقسا، مۇنۇ ھەق دەپ كۆن دىمەيمەن.

ئۇ تۇرسا پۇچەك ئۇرۇق، ئۇن دېمەيمەن،
ھەرگىزمۇ يالتىراقنى كۆن دېمەيمەن!

* * *

دۇنياغا كېلىپ ئىزسىز بولما ئادا،
تۆھپە قوۇچ بارلىقىڭنى ئەلگە ئاتا.
ئىنسانىي بۇرچۇڭمۇ ھەم بولغاي ئادا،
خار يىتىم، يوقسۇللارغا بولساڭ ئاتا!...

2000-، 2001- يىللار، قاراقاش



# سۆيگۈ تۇيۇقلىرى



چىلىڭ تۇتالماي باشتىلا ياشلىقتا نازۇك ھالقىنى،
بالدۇر ئويناتتىڭ قۇلاقتا ئەتىۋار زەر ھالقىنى.
ۋاقتى كەلمەي پۈرلىشىپسەن ھەپرەڭدەك بەكمۇ تېز،
ئەپسۇس، ئەمدى سەندىكى گۈلدەك نازاكەت ھال قېنى؟

* * *

بەس، خىيالىي تۇيغۇلاردىن قاچ يىراق، مېھرىڭنى ئۈز،
شۇڭغۇ تۇرمۇش قاينىمىغا، ئات غۇلاچ، مەردانە ئۈز.
سۆيگۈ ھاسىلدۇر رېئاللىق ئەجىر - مېھنەت باغىدىن،
ئاشۇ باغدىن بۇيى ئەنبەر، بەرگى ناز گۈللەرنى ئۈز.

* * *

بىر بېھوش كېسەل ئىدىم، سالدىڭ ئوكۇلنى - ئاسمىنى،
شەپقىتىڭدىن نۇرلىنىپ كۈلدى ھاياتىم ئاسمىنى.
مەدھىيە - تەھسىن ئىلە ئوردېنغا ئايلانسۇن تېنىم،
ئوينىتىپ بارماق ئارا كۆكسۈڭگە بىرلا ئاس مېنى.

* * *

ھەر كۈن ئىشلەپ تەر تۆكۈپ پۇت - قوللىرىڭمۇ تالمىدى،
شۇ گۈل قولۇڭدا ئوخشىغان ئالما، ئانار ھەم تالمىدى؟...
كەلسەم بېغىڭغا ئىنتىزار مەيلىم چۈشۈپ جۈپ ئالمىغا،
كۆڭلۈمنى بىلمەي تۇتقىنىڭ بىر جۈپ ئەمەس، بىر تالمىدى؟

* * *

ئىشق ـ دەردىگدە راۋابقا ئوخشىدىم كەتكەچ سىزىپ،
خۇش ئىدىم كەلسەڭ قېشىمغا، ئۇشبۇ ھالىمنى سېزىپ.
بىر تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ شەھلا كۆزۈڭنى ئوينىتىپ،
ئىشلىتىپ رەڭدار بوياق ئالسام شۇ تۇرقۇڭنى سىزىپ.

* * *

كېلىمەن دەپ كەلمىدىڭ، ئەھدىڭ ۋاقىتقا چۈشمىدى،
خانەمگە ھازىر بولمىقىڭ شام ياكى پېشىن، چۈشمىدى؟
كۈتتۈم بىتاقەت تاڭغىچە، بىدارلىقىمغا ئاي گۇۋاھ،
ئاخشامقى شېرىن ۋەدىلەر كۆرگەن ساماۋى چۈشمىدى؟

* * *

كۆڭلۈم تېمىدا سەن نەقىش، يىللار ئېكەپمۇ ئۆچمىدىڭ،
ئۇشبۇ يۈرەكنى ئۆرتىگەن چوغسەن يېلىنجاپ ئۆچمىدىڭ.
ئەپسۇس، قىيا بىر باقمىدىڭ، كەينىڭدە يۈرسەم نەچچە يىل،
تەنتەككە ئامراق، مەن كەبى ئاشىققا زىنھار ئۆچمىدىڭ؟...

* * *

سېنى كۆرمەككە ئى جانان كى ھەردەم تاقىتىمدۇر تاق،
غېرىب كۈلبەمدىمەن سەنسىز، نېچۈن بىدار ئۆتەرمەن تاق؟
قىلىپ ئىزھار ئىشقىمنى قەلەمدە نەزمە ـ گۈل تىزدىم،
ئاتاپ تۇتتۇم ساڭا، ئەمدى قوبۇل قىلغىن، چېكەڭگە تاق.

* * *

دىلىمدا شاھى داستانسەن، داۋام يازسامۇ پۈتمەيسەن،
يۈرەككە ئوت بولۇپ كىردىڭ دېسەممۇ زادى پۈتمەيسەن.
قىلىپ ئاشكارا ئىشقىمنى ئەۋەتتىم نەچچە رەت مەكتۇپ،
نېچۈن غەمكىن بۇ ھالىمغا تەسەللىنامە پۈتمەيسەن؟

* * *

قىلىپ ساچىڭنى قىل ئارقان، بېشىمغا تاشلىدىڭ سالما،
ساڭا ئەسرارى تۇتقۇنمەن، ھىجىر زىندانىغا سالما.
تېنىم بىر خاك تام بولدى، سېنى باغچا دېسەم گويا،
خارابلىق سەزمىگەي كۆڭلۈم تۆشۈكلەر ئاچسىمۇ سالما...

* * *

جانان قىيا بىر باقمىدىڭ كوچاڭدا يۈرسەم ئايلىنىپ،
ئىشق ئوتۇڭدا مىڭ كۆيۈپ، بولسامۇ بىھوش ئايلىنىپ.
شامال ئۇچۇرغان توپا مەن ئەمدى ئاياغىڭ ئاستىدا،
ئەگىلىگگە قونسام قاقمىغىن زەررە توزانغا ئايلىنىپ.

* * *

كەلگىن ئەي جانان، سۆيگۈنىڭ پەيزىنى سەندىنلا سۈرەي،
پايەڭ توزۇتقان توپىنى سولغۇن چىرايىمغا سۈرەي.
كەتسەممۇ بۇنىڭدىن كۆز يۇمۇپ، قالغاي بۇ شېئىرىم ـــ شاھىتىم،
شۇنداق، بۇ سۆيگۈم دەۋرىنى مىڭ يىل ئۇزاقلارغا سۈرەي.

* * *

قاش ـ كۆزۈڭنىڭ جەزىبسى ئەسلەتتى مەرمەر ئويمىنى،
خۇلق نازىڭ سېھرىدىن مەست قىلدى شىرىن ئوي مېنى.
شەھلا كۆزۈڭدە باقسەن تاتلىق تەبەسسۇم ئىلكىدە،
دېدىڭمىكىن يا نەقىشلەپ قەلبىڭ تېمىغا ئوي مېنى.

* * *

ئۆزۈڭ پەرۋىشلىگەن باغدىن ئۈزۈم تۇتتۇڭ ماڭا بىر ساپ،
ئايان بولدى گۈزەل كۆڭلۈڭ خوتەنىنىڭ قاشتېشىدەك ساپ.

ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئۆتسەم، يۈرەكتە ئارمىنىم قالماس،
ۋە يا بولسام ئۆزۈم ئۆزگەن شۇ ئىلمەك ـ كاشكىنىڭغا ساپ.

* * *

مەندە بار دەپ ئالىي ئۇنۋان، قالپىقىڭنى قىلما پەش،
باق كۆرۈمسىز ـ سەت خېتىڭگە، نەدە سوراق، نەدە پەش!
مەنكى خەتتات ـ پۈتۈكچى دەپ چىقما بالدۇر ئالدىغا،
ھەممىدىن تېز يېرتىلاركەن ئىزمىسى يوق ئالدى پەش.

* * *

ئىزدىسەڭ يازماقنى سەن سۆز كانىدىن دۇردانە تەر،
قاينا تۇرمۇش قايىنىمىدا ئاقتۇرۇپ ساپ ئۈنچە ـ تەر.
شۇندىلا يار ـ دوستلىرىڭ ئەجرىڭگە تەھسىن ئەيلىگەي،
ئىش ـ ئىجادىڭ باغلىرىدىن ئەڭ ئېسىل گۈللەرنى تەر.

* * *

دەۋرىمىز قىلدى ندا :«تۈرگىن كۈرەشكە يەڭ!»دېدى،
ئىشلىگىن غەيرەت بىلەن، مۈشكۈل ـ جاپانى يەڭ!»دېدى.
ئىشلىگەن چىشلەيدىغان ئادىل پرىنسىپ ھېكمىتى،
«تەڭلىمەي تەييارغا قول، ئىشلەپ ھالالدىن يەڭ!»دېدى.

* * *

ئېسىل ـ پاكلىققا چىن تىمسال مېتاللار شاھىسەن ئالماس،
زېرەك خېرىدار سېنى شۇڭا زىنىنەت بازارىدىن ئالماس.
گۈزەل قىز ناز ـ كەرەشمەڭگە ئېسىل ئەنداز ئال ئۈندىن،
چىدام ـ غەيرەت،سۈزۈك ـ پاكلىق ۋە چىڭلىقنى قوشۇپ ئالماس.

* * *

ئېسىل قامۇس ـ كىتابلارنىڭ باھاسى سەن بىلەندۇر تىل،
ئىناقلىق ئاچقۇچى سەندە، سېنىڭسىز گاس ـ كېكەچتۇر تىل.

ئەگەر بىر سۆز خاتا كەتسە قىرىلمامدۇ ناھەق بىر جان،
غەلەتلەرگە ئۇرۇن بەرمە ، ئۇنى ھەق سۆز بىلەن يار ، تىل.

*　　　*　　　*

قورقسەن ئەي جان باقار، چاشقانمۇ قىلغانغا «تىرىك...»
بىر ھېكمىتىم قالسۇن ساڭا، كۆل مەيلى ئاچچىقلان ـ تېرىك:
تاغنى يۆتكەپ باغ قىلارسەن جۇرئىتىڭ بولسا ئەگەر،
تۆھپە قالدۇر ساڭ، ياشار ئۆلگەندىمۇ نامىڭ تىرىك.

*　　　*　　　*

چەببىيات ئۆزھال، ناۋاغا چال ساتارىڭنى تۈزۈپ،
يار ئۈچۈن زار يىغلىغان سەۋدايى كۆڭلۈمنى تۈزۈپ.
كۈچ، قانات پۈتسۇن مۇقامىڭ يارنىڭ قېشىغا ئاتلىناي،
يول ئېچىپ پەرھاد كەبى تاغۇ داۋانلارنى تۈزۈپ.

*　　　*　　　*

گۈل نىگارىم كەلمىدىڭ، كۈتتۈم كېچىچە ئاتتى تاڭ،
ئۇچقۇر شامالدىن سورىسام، دېدىكى «ھەي نە بولدى تاڭ؟»
كەلسەڭ قېشىمغا ئۇشبۇ دەم تاپاتتى دىل رەنجىم شىپا،
ھەم تاپاتتىم جان تەسەللى، بىر دېسەڭ باغرىڭغا تاڭ!...

*　　　*　　　*

ئەزىز ئوغلۇم، ۋەتەن جەننەت، ئۇنىڭ باغرىدا لەززەت سۈر،
ئېپار ھىدلىق توپاسىنى كۆزۈڭگە تۇتىيادەك سۈر.
يېتىل شۇنداق بولۇپ باتۇر، ۋەتەنگە چىن ۋاپا ئەيلەپ،
ساداقەت مەيى بەخش ئەتكەن كۈچۈڭدىن ياۋنى باسسۇن سۈر.

*　　　*　　　*

دىلىڭنى يورۇتۇپ ئاپئاق ئىلىم ـ پەندىن چىراغ ياققىن،
يېڭى بىر كەشپىيات ئەيلەپ خەلقىڭ كۆڭلىگە ياققىن.

ۋەتەننىڭ ئوغلى بول سادىق، ۋەتەنگە قىلما تۈز كورلۇق، نېمەت بەرگەن توپاسىغا يۈرەك باغرىڭنى چىلك ياققىن.

*　　　*　　　*

ياشنىتىپسەن باغ قىزى گۈل بەرگىنى،
زەپ ھۇزۇر دىماغقا خۇشبۇي بەرگىنى.
پىشۇرۇپسەن يەنە ھەم ئەلگە ئاتاپ،
جىنەستە، ئەينۇلا، ئالما، بەرگىنى.

*　　　*　　　*

دوستلىرىڭ دېسە:« يۈزۈڭدە بار قارا،»
دېمىگىن:«يوق مەندە ئۇ، كەتتىم قارا.»
داغنى يوق قىلماقنى يۈك دىلغا ئاۋۋال،
رەنجىمەي ئەينەككە مەردانە قارا.

*　　　*　　　*

كەڭ قاپىقىڭغا سۈرۈپسەن سۈرمىنى،
باسنى ئاھۇ كۆزلىرىڭدىن سۈر مېنى.
بەس، ئىلىمسىز رەمزە - ناز ئەيلەپ كۈلۈپ،
چىللىغاندىن چۆلگە قوغلاپ سۈر مېنى!

*　　　*　　　*

ئۆتەر بىر يىل، كېتەر، بىر ياش،
ئۆگەن ھارماي، تېخى سەن ياش.
ئىلىم - پەندىن شەرەپ قۇچساڭ،
پۇشايماندىن تۆكۈلمەس ياش.

*　　　*　　　*

ئاق دېگەن كۆڭلۈڭ قازاندەك «ئاق»مىدى؟
ئەجەبا، ئالدىڭدا ھەق سۆز ئاقمىدى.

ئاخىرى كۆلدى ھەقىقەت دىلبىرى،
كۆز يېشىم ھەرگىز بىكارغا ئاقمىدى!

* * *

ھېلى كۆرگەن دۇر - جاۋاھىر تاش قېنى،
كۆمدىڭمۇ دەريادا كەلكۈن تاشقىنى!
ۋاقىت كېتەر گۈل چېكىپ چىڭ تۇتمىساڭ،
كېيىن بىكار بىھۇدە ئاچچىق تاشقىنى.

* * *

ئۆتىدۇ توختىماي كۈن، ئاي ۋە يىل تېز،
تارىخ قامۇسىغا غەلىبىلىك يىل تىز.
پەرھادتەك تاغ كېسىپ سۇ باشلا چۆلگە،
ئەجداد دەرىخىڭنى ياشناتسۇن يىلتىز.

* * *

بىز ئۆتكەن تاغ - داۋان، ئېقىن يار قېنى،
« جۇپمۇ، تاق » ئوينىغان گۈزەل يار قېنى؟
بەكمۇ تېز كەتتى شۇ، كەتتى گۈل ياشلىق،
كەلمەس ئۇ، يۈرەكنى قانچە يار قېنى؟!

* * *

ئاق كۆرۈپ ساقالدا، « قېرى - چال» دېدىڭ،
مەنستىمەي، سازىڭنى قېنى، چال دېدىڭ.
تىڭشىدىڭ «ئۆزھال» نى كۆزلىرىڭدە ياش،
سۇ بولدۇم ئىشقىڭدىن تالقان چال دېدىڭ!...

* * *

دېمىگىن ھەر ئىشىم يۈزدە - يۈز توغرا،
تەمسىل بار: «يەتتە رەت ئۆلچەپ بىر توغرا».

ئالدىراپ پۇشايمان قىلغىنىڭ بىكار،
خاتالىق ئالدىڭدا ياتقاندا توغرا.

* * *

ئىشقىڭنىڭ سېھرىدىن بېشىم ئايلىنىپ،
يۈرىمەن كېتەلمەي سېنى ئايلىنىپ.
ئارزۇيۇم سەن بولساڭ، خۇشبۇي ئەتىرگۈل،
مەن سۆيسەم تاڭ پەيتى نۇرغا ئايلىنىپ.

* * *

دۇرۇستۇر ياڭاقنى ياڭاقتا چاقماق،
نومۇستۇر ياخشىنى ياخشىغا چاقماق.
گەر يامان ئەيلىسەڭ ئىككى ياخشىنى،
گۈلدۈرلەپ بېشىڭنى سوقىدۇ چاقماق.

* * *

ئاق ئات مىندىم، قەلەم قۇلاق، قارا قاشقا،
سېغىنىشتا كەلدىم گۈزەل قاراقاشقا.
سېغىنىشتا چىقتى دوستلار، بىر قىزمۇ ھەم،
مەپتۇن بولدۇم شۇ شەھلا كۆز قاراقاشقا!...

* * *

ئەگەر بولساڭ ماڭا دوست - يار،
بولۇپ ھەردەم زېرەك ھوشيار؛
ۋەتەنگە كۆز ئالايتقان شۇم
رەقىبىڭ قارنىنى بۆس - يار!

1996-، 2000- يىللار، قاراقاش

#  تۇيۇق يول تۇيۇقلىرى

سەن خاراب بولماس ئىدىڭ شۇ ئاق زەھەرنى چەكمىسەڭ،
باغۇ ئىرەم ، دەپ جەھەننەم دەرۋازىسىنى چەكمىسەڭ.
قىسمىتىڭگە ئاھ ئۇرۇپ ھەم يىغلىمايتتى جان ئاناڭ،
ھىيلىگەر ئالۋاستىنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چەكمىسەڭ.

* * *

بەتخۇمارىڭ مالۇ دۇنيا، پۇللىرىڭنى قىلدى كۈل،
كۆزلىرىڭنىڭ نۇرى ئۆچتى، يۈزلىرىڭنىڭ رەڭگى كۈل.
قايت يولۇڭدىن، باغلا بەلنى، نەس كېسەلگە تاپ داۋا،
«ئاھ بالام!» دەپ سېنى كۈتكەن جان ئاناڭ ئالدىدا كۈل!...

* * *

دېسەڭ: ماڭما تۇيۇق يولغا، ساڭا مەن ھۆرپىيىپ ياندىم،
ئانا، كەچۈر گۇناھىمنى، خىجالەتكە تولۇپ ياندىم.
دېگەنىڭ سەن: ھالال ئىشلەپ، ئۆمۈر ئۆتكۈز ناۋات چىشلەپ،
شۇ ھېكمەت ئىشقىدا ئەمدى گويا مەشئەل بولۇپ ياندىم.

* * *

بولدى ئۆمرۈڭ سائىتىمۇ چىڭقىچۈش،
كۆرمە «ئاق ئالۋاستى» نىڭ قوينىدا چۈش.
كەل بېرى، كۈتمەكتە ھۆرلۈك دىلبىرى،
ئەل - ئاۋام چۈشكەن دېڭىزغا سەنمۇ چۈش!

1994-، 2000- يىللار، قاراقاش



# قاراقاش قىزىغا

ئات مىندىم قاراقاشقا،
يول ئالدىم قاراقاشقا.
بازاردا كۆزۈم چۈشتى،
شەھلا كۆز قاراقاشقا.

چىقماستىن تېخى باشقا،
باغلاندىم ئاڭا باشقا،
نە قىسمەت سالار ئىشقى
سەۋداسى ئەزىز باشقا؟

1994-، 2000- يىللار، قاراقاش



# مۇساۋىيات تەرەپپىلەر



## ياشلىق

ياشلىقتا تىرىشقىن، ھارماي بىلىم ئال،
تىرىشقىن يار ساڭا پارلاق ئىستىقبال.
ھارمىغىن پارلاق دەۋر يولىدا،
بىلىم ئال ئىستىقبال يولىدا ئات سال.

## كلاسسىكلارغا

ھەزرىتى نەۋايى، مەشرەپ، نۆبىتى،
نەۋايى شۆھرىتى — شېئىرىي ھېكمىتى.
مەشرەپ شېئىرى مەلھىمى دىلىنىڭ،
نۆبىتى ھېكمىتى دىلىنىڭ لەززىتى.

## كۈيلىرىم

كۈيلىرىم ۋەتەن مېھرى دىلدا بۇلاق،
ۋەتەن مېھرى تومۇرۇمدا ئويناپ ئاقار.
دىلدا ئويناپ شاۋقۇنلىرى شاد ناخشىدەك،
بۇلاق ئاقار، شاد ناخشىدەك دىلغا ياقار.

كۈيلىرىم دەۋرىمگە خاس جۇش ئۇرىدۇ،
دەۋرىمگە دەريا ئىشقىم، مۇھەببىتىم.
خاس ئىشقىم زامانىمغا، ۋەتەنگە ھەم،
جۇش ئۇرىدۇ مۇھەببىتىم ھەم ھۆرمىتىم.

## ۋەتىنىم

جۇڭخۇا ئېلىم، ھۆر ۋەتىنىم، سەندە خۇشال، يايرار دىلىم،
ھۆر ۋەتىنىم، كۈيلەپ سېنى، سايرار تىلىم، باھار چېغىم.
سەندە خۇشال، سايرار تىلىم، بەختىم گۈلى، شاد ياشنىغاچ،
يايرار دىلىم، باھار چېغىم، شاد ياشنىغاچ گۈلزار بېغىم.

سەندە ئېلىم، چەكسەم جاپا، دىل راھىتىم، سائادىتىم،
چەكسەم جاپا، ئەيلەپ ۋاپا، تاپقاي مۇراد ساداقىتىم.
دىل راھىتىم تاپقاي مۇراد، مەندىن ساڭا قالسا ئىجاد،
سائادىتىم، ساداقىتىم، قالسا ئىجاد شاھادىتىم.

## شېئىر

ئويناقى چىن شېئىر چىقار يۈرەكتىن،
چىن شېئىر ئويغىتار دىلنى بۆلەكتىن.
چىقار دىلنى ئېرىتىپ ئۇرغۇپ،
يۈرەكتىن، بۆلەكتىن، ئۇرغۇپ تىلەكتىن.

## نورۇز كەلدى

نورۇز كەلدى، يەر كۆكەردى، راھەت بەردى خۇشبۇي ھاۋا،
يەر كۆكەردى، گۈل ئېچىلدى، خۇش پۇرىقى تەنگە داۋا.

راھەت بەردى خۇش پۇرىقى، شاد سايرىدى قۇشلارمۇ ھەم،
خۇشبۇي ھاۋا تەنگە داۋا، قۇشلارمۇ ھەم قىلغاچ ناۋا.

## قىز ۋە گۇل

كەلدى بىر قىز، سالام بېرىپ، سۇندى ماڭا بىر دەستە گۇل،
سالام بېرىپ مەنمۇ شۇچاغ بۇ سوۋغىنى قىلدىم قوبۇل.
سۇندى ماڭا بۇ سوۋغىنى، بىر ئوت سېلىپ يۈرەككە ئۇ،
بىر دەستە گۇل قىلدىم قوبۇل، يۈرەككە ئۇ كۆچتى ئۇدۇل.

## ئىـز

ئۆمۈر قىسقا، ھايات لەززەت، يارات تۆھپە قىلىپ خىزمەت،
ھايات لەززەت بېرەر شۇندا، ئىجادىڭدىن تېپىپ ئىززەت.
يارات تۆھپە ئىجادىڭدىن ، ئەبەد ئۆچمەس ئىزىڭ قالسۇن،
قىلىپ خىزمەت، تېپىپ ئىززەت، ئىزىڭ قالسۇن بولۇپ زىننەت.

## خۇشامەت

خۇشامەت، ھۆرمەتنى ئايرىغىن، پەرق ئەت،
ھۆرمەتنى خوش - خوشچى نامەردتىن تەرك ئەت.
ئايرىغىن نامەردتىن مەردلەرنى خوشتىن،
پەرق ئەت، تەرك ئەت، خوشتىن نېرى كەت.

يوقالسا جاھاندا ھىيلە، خۇشامەت،
جاھاندا ئەۋج ئالسا راستلىق، دىيانەت.

هيله راستلىق بىلەن مەڭگۈ بىر بولماس،
خۇشامەت، دىيانەت بىر بولماس ئەبەد.

## تۈلكە

بىر ھەجۋىي سىزايكى، قارىساڭ تۈلكە،
سىزايكى، ئويىنتىپ لېۋىدە كۈلكە.
قارىساڭ لېۋىدە ھىجايغان بىلەن،
تۈلكە كۈلكە بىلەن چىقماقچى تۆرگە!

## ئۆيۈلتاش

بارچە مىللەت تەڭلىك سەپنى تۈزدۈق قاتار،
تەڭلىك سەپنى بۇزغاننى كىم رەتكە قاتار؟
تۈزدۈق رەتكە، شۇڭا جىمى خەلقىم خۇشال،
قاتار - قاتار خەلقىم خۇشال قوشاق قاتار.

ئىتتىپاقلىق گۈلى توزۇماس، چاچقاي ئىپار،
گۈلى توزۇماس باغىم ئارا ئەتىر چاچار.
چاچقاي ئەتىر - خۇش پۇراقلار بەختىمىزگە،
ئىپار چاچار، بەختىمىزگە كەڭ يول ئاچار.

## كۆي

دەۋرىمىز باھارىدىن ياشنىغاچ ئەل،
باھارىدىن زوقلىنىپ ئېيتتۇق غەزەل.

ياشنىغاچ ئېيتتۇق ناخشا، كۈي ياڭراتتۇق،
ئەل غەزەل - كۈي ياڭراتتۇق بۇلبۇل مىسال.

## ناخشىچى

خۇشناۋا ناخشاڭدىن تاپتىم ھۇزۇر،
ناخشاڭدىن تاشتى دىلدا ھەۋەس، غۇرۇر.
تاپتىم ھەۋەس شەمئىسىدىن قەلبىمگە نۇر،
ھۇزۇر، غۇرۇر قەلبىمگە نۇر، بەختىم شۇدۇر.

## پارىخور

پارىخور ھۆنرىڭ ئاقمىسا ئەگەر،
ھۆنرىڭ نېمىگە، ئېيتقىن، ئۆزگىرەر؟
ئاقمىسا، ئېيتقىن، بىرەي نېمە بولسا،
ئەگەر ئۆزگىرەر بولسا شۇ ھۆنەر!

## كاككۇك

گۈزەل سەھرا باغلار ئارا سايرا كاككۇك،
باغلار ئارا ئۇينا، شوخلاپ يايرا كاككۇك.
سايرا، يايرا، بىرەر ھۇزۇر ئۆنۈڭ ماڭا،
كاككۇك - كاككۇك، ئۆنۈڭ ماڭا ھەمراھ كاككۇك.

## دىلىم

ئانا ۋەتەن ــ بۈيۈك جۇڭخۇا گۈزەل ئېلىم ،
بۈيۈك جۇڭخۇا، سەندە ئالدىم ئىلىم - بىلىم.
گۈزەل ئېلىم، پۈتمەس بەخت بەرگەچ ماڭا،
ئىلىم - بىلىم بەرگەچ ماڭا، يورۇق دىلىم.

## نىجاتچىمىز

كومپارتىيەم ئاتا قىلغاچ ئازاد زامان،
ئاتا قىلغاچ سائادەتنى، بىزلەر ئامان.
ئازاد بىزلەر، بولغاچ بۈيۈك نىجاتچىمىز،
زامان ئامان، نىجاتچىمىز بولغاچ ھامان.

1991- يىل، قاراقاش



# رۇبائىي ۋە پارچىلار

##  ئەخلاق ھەققىدە

بىر ئىللىق سالامدىن ئېگىلەر يۈز باش،
ئېگىلگەن شۇ باشلار ياشىرار يۈز ياش.
غادايغان قامەتتىن مۇزلار قەلبلەر،
مۇزلار ھەم سېغىنىپ سىرغىغان كۆز ياش.

* * *

چىراغنى پەرق ئەتمەس ئەمانىڭ كۆزى،
نادانغا خۇشياقماس دانانىڭ سۆزى.
قارايدۇ لولىغا ئىشقىسىز ئەخمەق،
تۇرسىمۇ قېشىدا رەنانىڭ ئۆزى.

* * *

ئۆيۈمدىن ئۇزۇغان ئېسىل كىشىنى،
بىر قەدەھ ئىچكىن، دەپ تۇتتۇم پېشىنى.
قانغۇچە سۈمۈرۈپ ئۇزىدى، بىراق،
بېشىمغا ئېتىپلا كەتتى شېشىنى...

* * *

ھايۋان تۇرۇپمۇ بوز جامبۇل ئېشەك،
بىر بارغان تۈگمەننى ئۇنتۇماس بىشەك.
تونۇماس دوستىنى تۆرگە چىقىپلا،
بەزىلەر كۆزىگە تاڭغاندەك لېچەك.

*   *   *

خۇشامەتتىن تەخت ياساپ پۈزۈر،
ھەق نەرسىدىن ئىزدەيسەن قۇسۇر.
نىجاسەتكە قونغان كۆك چىۋىن،
ئەتىر گۈلدىن تاپقاي نە ھۇزۇر.

*   *   *

مەيلى دوستۇم، زەر توندىن كىيىن،
سۆلەت تۈزەش ئەمەستۇر قىيىن.
بىلىمدىن شام ياقمىساڭ دىلغا،
شاھ سىياقىڭ... ھەممە بىر تىيىن.

*   *   *

خەلق سايلاپ ھوقۇق بەردى، ئېغىشماس ياخشى كادىر بول،
خەلقچىل ئىشلىمەك پۈتمەس شەرەپ، خىزمەتكە ھازىر بول.
خەلقىڭ غەمگۇزارى سەن، جاپا - مۈشكۈلگە تۇر تەييار،
كۆتۈرمەككە ئېغىر يۈكنى، پولات مۇسكۇل باھادىر بول.

*   *   *

باسسىمۇ ئۈستۈڭدىن مۈشكۈلات - تەسلىك،
تارتمىسۇن كۆڭلۈڭنى مەيخانە، مەستلىك.
ئۆلۈمدۇر مەي ئىچىپ ھاياتنى ئۆتتۈش،
كەلگەي شۇم مەستلىكتىن رەزىللىك - پەسلىك.

*   *   *

بەزىلەر مەي ئىچىپ ئۆتتۈپ ئۆزىنى،
ئىزدەيدۇ بەختىنى، يۇمۇپ كۆزىنى.

بىھوشنىڭ يىتكەننى تاپقىنى بارمۇ ؟
بىلمىسە يېگەن ئاش ـ تائام تۇزىنى.

*　　*　　*

خۇش خەۋەر كۈتۈپ مەغرۇر ئەمەلداردىن،
جاۋابىسىز ئىلتىماسىم چىقتى كاردىن.
پەسلەندىم، بىراق ئۇنى كىم يۆلەركىن،
يىقىلسا ئەل نەزىرى ــ ئېگىز داردىن ؟!...

*　　*　　*

تۈنۈگۈن ئۆسۈپ بەك تېز قانات يايدىڭ،
تېگىشماي، تەلەپ قويسام دېدىڭ: قايتىڭ!
تولۇق تەگمە، كىمدىن ئېشىپ قالماس جاھان،
بىر ئاينىڭ ئون بەشى تۈن، تېگى ئايدىڭ.

**غايە ھەققىدە**

تىرىش، ھارماي بىلىم ئالغىن، قۇرۇق سۆز قىلمىغىن ئىزھار،
جامائەت ئالدىدا «مەن» دەپ تەمەننا ئەيلىمە زىنھار.
بىلىم ــ زەر تاج، دەرەم، ئۇنۋان، بىراق ئۇ كىبىردىن بىزار،
خۇنۈكسەن «تاجۇ ئۇنۋان» سىز بويۇنغا باغلىساڭ زۇننار.

*　　*　　*

بىر ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ئورنىسەن پارتا،
مىڭ ئەپسۇس، كەچكىچە ئويىنىلار قارتا.

بەس، ئەمدى سوُنوُپ كەت، خىزمەتكىلا خاس
مەن سىنى چىرايلىق ياسايمەن قايتا.

*　　*　　*

توُغوُلماق، ئۆلمەك موُتلەق، يوق خاتاسى،
بار دوُنيا ئىپتىداسى، ئىنتىھاسى.
نە پەرقى ياۋايى بىر جانۋارتىن،
قالمىسا ئىنسانىنىڭ بىر ئىختىراسى ؟!

*　　*　　*

دوُنيا بىر قونالغوُ، قونوُپ كېتىمىز،
كىم ياخشى، كىم يامان، تونوُپ كېتىمىز.
تېرىدى كىم بوُغداي، كىملەر ئاق تىكەن،
قالدوُروُپ ئەۋلادقا ئۇنۇپ كېتىمىز!...

## موُھەببەت ھەققىدە

ئىللىق ئىكەن قوُياشتەك مېھرىڭ،
ئەتىر گۇلدەك گوياكى چېھرىڭ.
بىراق، ئىلىم ـ ئىرپان نوُرىدىن
ئېچىلغانموُ زېھنىڭ ۋە چېھرىڭ ؟!

*　　*　　*

سېلىپ مېنى ھىجران ئوتى — پىراققا،
كەتتىڭ جېنىم، يىراققا — ھەج تاۋاپقا.
كەلسەڭ ئەگەر ئاي يۈزۈڭنى يوشۇرماي،
تولماسمىدىڭ ھەجدىن ئارتۇق ساۋابقا ؟!

*　　　*　　　*

بىر بولغاچقا قىز- يىگىتتە غايە - ئوي،
ئاددىيغىنا ئۆگرە بىلەن قىلدى توي.
ئۆتتى ئىناق ئەلنى ھەيران قالدۇرۇپ،
شەرت ئەمەسكەن تويدا سويماق ئۆچكە - قوي.

*　　　*　　　*

ئېچىلىپتۇ گۈلزاردا بىر ئېسىل گۈل،
غەيرىي رەڭدە يوپۇرماقتەك يېشىل گۈل.
كۆرۈك دوستلار پۇراپ، قېنىپ ۋە لېكىن،
يانجىلمىسۇن بوۋام تىككەن قىزىلگۈل!...

*　　　*　　　*

ئۆزۈڭنى ئالەمچە ئىشق گۈلخانىدا سەز،
يار بىلەن ئارلىقىڭنى ساقلا بەش گەز.
شۇندىلا بارچە لەززەت، بارچە ئارمان،
يېقىنلاپ قالما، سۆيگۈك كېتەر چاك - دەز.

*　　　*　　　*

جۈپلۈككە بارچە جانلار ئورتاق كۆنۈك،
ۋە لېكىن ئىنسانغا خاس ئىشق - كۆيۈك.
مۇقەددەس سۆيگۈ مەنسۇپ ئىنسانغىلا،
شۇ يەكتا سۆيگۈ بىلەن ئادەم بۈيۈك!...

*　　　*　　　*

ئوت بولۇپ ياندىم ساڭا ئاي يۈزلۈكۈم،
ھۆسنۈڭنى داغ قىلمىسۇن ئۇچقۇن - كۈلۈم.

يىراقتىن كۆرۈپ ئالاي، كەلمە يېقىن،
تەپتىمدىن توزۇپ كەتمە خۇشبۇي گۈلۈم.

* * *

ئەتىگەن سالام بېرىپ ئۆتتى جانان،
نۇر سۆيگەن مەگزى گويا ئاتەش، چىلان.
شۇ نۇردىن كۈنداش ئوتى تۇتتى مېنى،
باغرىمنى چاققان كەبى بىر نەس چايان.

* * *

ئەۋلادقا ھەدىيەدۇر يازمىشلىرىم،
شېئىرىيەت ئاسمىنىدا بالقىشلىرىم.
تۇرغاندەك مېغىز بىلەن شاكال بىللە،
كەچۈرگەي بولسا نۇقسان — ئازمىشلىرىم.

1980-، 2003- يىللار، قاراقاش



本诗集选录作者艺术性高而有特色的一部分诗作。

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرغۇن يىلتىز
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

# تەكلىماكان تىنىقلىرى

( شېئىرلار )

*

ئاپتورى : جاپپار رەھىم روھلان

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :1168 × 850م م 32 / 1
باسما تاۋىقى :7.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2003- يىل 6- ئاي 1- نەشرى
2003- يىل 6- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى : 2570 ـ 1

---

ISBN7 – 5373 – 1164 – 1/I. 315
باھاسى : 11.00 يۇەن

(بېسىشتا - تۇپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ تېلېفون :0998-265392 7)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى
ھۆسن خەتلەرنى يازغۇچى: قۇربانجان روزى شەيدائى

ئانامنىڭ كۆكى گويا قۇملۇقلارمىكى ،
تارىغىنىڭ زىمكىرى خۇشبۇيى تىنىقلارمىكى .
ئەسلىگىنىگە گۇۋاھمەن دەپ پىچىرلايدۇ .
يۈكى چەكمەن، يوقۇل، مەكتەپ شۇرىقلارمىكى .

ياشىنا باشقىدىن باغ چىملىقلارمىكى ،
ئۆينايسى شوخ كۆلدە ئالتۇن بېلىقلارمىكى .
نە ئارمان، نە زەملەرىم بەخش ئەتتى زوق ،
سۆيۈت بەرسە قۇرۇلمىگەن بۇجىقلارمىكى !

ISBN 7-5373-1164-1
9 787537 311649 >

ISBN 7－5373－1164 － 1
I.315（民文）定价 :11.00 元